زۇھورى

# دىۋانى زۇھورى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زوھورى

# دىۋانى زوھورى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : قۇربان بارات

نەشرگە تەۋسىيە قىلغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار
تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

تۆمۈر داۋامەت ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى )

مىجىت ناسىر ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

مەمتىمىن يۈسۈپ ( تەتقىقاتچى )

مۇھەممەت ئىسمايىل ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى )

ئابدۇرېھىم رەجەپ ( دوتسېنت )

ئوبۇل ئىسلام ( ئالىي مۇھەررىر )

جاڭ خۇڭچاۋ ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

قەييۇم تۇردى ( 1 - دەرىجىلىك يازغۇچى )

ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر )

شەرىپىدىن ئۆمەر ( پروفېسسور )

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

ليۇ بىڭ ( تەتقىقاتچى )

## سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ
مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن
كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى،
مەزمۇنىنىڭ مولluqى، دەۋرى جەھەتتە ئىزچىللىقى، بەدىئىي
سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال
ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە
ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە،
مەسىلەن: پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت،
جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە
ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ-ئادەت، تېبابەت،
مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار... قاتارلىق
ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى
ئىلىم-پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پارا-
سەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك
ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار
ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى
ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا،
ساداقەت ۋە سەمىمىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە
ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق،
ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت

بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئەزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە-يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىگە



NIEDERS.
STAATS-U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە-يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت — قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكىستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك

مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كۆپلىگەن ئىدارە، كارخانىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە، ماسلىشىشىغا موھتاج. شۇڭا، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆيۈنچلىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشنى، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلەرنى سۇنۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«دىۋانى زۇھۇرى» مىرزا زۇھۇرىددىن ناملىق شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرىي مىراسىدۇر. دىۋاندىكى 1530 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل ئۆزىنىڭ بەدىئىي ساپاسى ئارقىلىق شائىر زۇھۇرىنىڭ يېتۈك شائىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بىز شائىر زۇھۇرىنى 1830-يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1850-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە بولۇپ، 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېچىشتا ئا.نىزارى، ن. زىيائى، غەرىبى، سەبۇرىلار قاتارىدا زور رول ئوينىغان زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ بولۇشى مۇمكىن دېگەن قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«دىۋانى زۇھۇرى» دىكى غەزەللەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان، ئۇنىڭدا دېداكتىك مەزمۇندىكى غەزەللەر بەكمۇ ئاز. شائىر بۇ غەزەللەردە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان ئەنئەنىۋى مەزمۇنلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنى نامايىش قىلغان. بىز زۇھۇرى غەزەللىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كۆپچىلىك غەزەللىرى يارنىڭ گۈزەل سىماسىنى سۈرەتلەش، سۆيگۈ ۋە ۋىسال ئارزۇسى، جۇدالىق قايغۇسى، ۋاپاسىزلىققا نىسبەتەن قېيداش، رەنجىش ۋە

تاپا-تەنىلەر، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۈرەككەپ تۇيغۇلار، بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئېچىنىش، ئەجەل ئەندىشىسى، تۆۋە-ئىستىغپار قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

زۇھۇرى ئۆز غەزەللىرىدە سۆيگۈ ئوبيېكتىنىڭ خىيالىيلاشتۇرۇلغان، ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ھايات توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە تۇرمۇش بىلەن بولغان رېئال مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى يەكۈنلىرىنى، بەزىدە بولسا ئاللاھقا بولغان ئېزگۈ ئېتىقادىنى پىشقان سەنئەتكارلارغا خاس ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلىپ بەرگەن.

«دىۋانى زۇھۇرى» نى نەشرگە تەييارلاشتا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما ئاساس قىلىندى.



## غەزەللەر

### 1

1. بەسىردۇركىم، سالىپسەن ھەر كىشى باشىغە بىر سەۋدا،
بۇ سەۋدالار بىلە كەۋنەيىن بازارىدا يۈز غەۋغا.
2. كىرىپ بىر ئەيىن ئىككى لام ئاراسىغە بولۇپ جانبەخش،
تۈشۈپ خالى قۇياشىڭ ئۈزرە بولدى مىڭ ئەدەد پەيدا.
3. قويۇپ بىر خەستەنى بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئەيلەپ،
زۇلۇماۋۇ جۇھۇلا دەپ ئېتىپسەن ئىشق ئارا شەيدا.
4. ئەجەب جەھلىكى باردۇر قىرق ئىشكىلىك نۇرى زۇلمەتدىن،
بارىن فەتھ ئەيلەمەي بولماس لەدۇننى ئىلمدە دانا.
5. ئەمانەت ھەمزەسىنى جانىم ئىچرە ئاسرادىم ئانداغ،
داغى مىننەت ساڭا بولغاي تانۇغلۇق جۇملەئى ئەشيا.
6. قالىپدۇر شامى ھىجرانىڭدا مەھزۇن ئەھلى مەغرىبكىم،
كۆرەي دەپ ئاي يۈزۈڭنى ئايىنە تۇتمىش سىكەندەرسا.
7. ئەگەر سۇلتان ئۆزىن پىنھان ئېتۈرگە كىيسە بىر ژەندە،
گەدانىڭ دەلقى ئىچرە شاھنى بىلگەيمۇكىم ئايا؟
8. جەھان ئىچرە ھەمىشە بارچەلەرگە يارى ھەمراھدۇر،
ئەۋامۇن-ناس ئارا ئول يار پىنھان، غەمزەسى پەيدا.
9. زوھۇرى زاتىغە ئانداغكى بولغاي مۇشتەغىل ھەردەم،
يوق ئەيلەپ ئۆزلۈكىدىن قالماغاي ئەۋساف ھەم ئەسما.

## 2

1. شۇئائى ئافتابىڭدىن نەسىب ئەت زەررەئى، جانا،
تاتۇر ۋەھدەت مەيدىن قەترە يا رەززاقۇ ۋەرزۇقنا.
2. فىراق ئەندۇھىدىن كەلمەس تىلىم تەقرىر ئەيلەرگە،
نىھان دەردى زەمىرىمغە ئېرۇرسەن ۋاقىفۇ دانا.
3. قارا زۇلفۇڭ خەيالى بىرلە قالدىم مەن قارا تۈنلەر،
تاپالماي ۋەھ يولۇمنى بولدى زىكرىم رەببى ئىھدىنا.
4. تاپاي مەنسۇر يەڭلىغ كافىرى ئىشقىڭ ئارا نۇسرەت،
ئۇراي دار ئۈزرە فەريادى ئەنەلھەق گاھۇ ئۇنسۇرنا.
5. بېرىپ ئانچە جىلاسىن ئول جەلالىدىن رۇمغە،
تاپىپ ئىززۇ شەرەف ئاشىقلار ئىچرە بولدى مەۋلانا.
6. نې دەرمەن تاپمايىن بىر سۆز سېنىڭ ۋەسفىڭنى ئەيلەرگە،
لەبىڭ لەئلۇ، قەدىڭ زىبا، كۆزۈڭ شوخۇ ئۆزۈڭ رەئنا.
7. ئىلاھا، بۇ زۇھۇرى كۆڭلىگە سالغىل زۇھۇرىڭنى،
جۇدا قىل ئۆزلۈكىدىن، جانغە جەننەت ئولغاي ئىستىسنا.

## 3,

1. ھەمدىڭغە يوقتۇر ھەد ماڭا، زىكرىمدۇر لائۇھسا سەنا،
ۋەسفىڭنى قاي تىل بىرلەدەي يوق مەندە لايىق تىل ساڭا.
2. ئاسىيۇ جافى بەندە مەن، ئەفۇۋ كەرەم دەرياسى سەن،
مەھزۇن قۇلۇڭ ئەۋرادىدۇر ھەردەم زەلەمنا رەببەنا.
3. خەيرۇلبەشەر مىراسىدىن ۋارىسنى مەھرۇم ئەيلەمە،
گەنجىنەئى ئەسرار ئىدى ئادەم ئاتا بىرلە ئانا.
4. ئۇل ئۇتنى ئىشقىڭدىن ھۇرۇپ، تىل سىررى مەخفىنى قويۇپ،
مېھنەت سۇيىدىن يۇغۇرۇپ خاك ئۇزرە تۇتتۇڭ ئىنزىۋا.
5. ئۇتۇ ھەۋاۋۇ سۇ بىلە تۇپراغىغە بەردىڭ رەۋاج،
گەنجىڭغە مەخزەن ئەيلابان مىئمارى سۇنئۇڭدىن بەنا.
6. كەلگەچ نەسىمى سۇبھىدەم تېز ئۇلدى ئىشقىڭنىڭ ئۇتى،
كۆيسەم كۈلۈمنى ساۋۇرۇپ قىلغىل بۇ كوي ئىچرە فەنا.
7. ھەركىمكى ھەجرىڭ زەھرىدىن بولسا مەزاقى تەلخ كام،
تەرياكى ۋەسلىڭ بولماسا لۇقمان ئاڭا تاپماس دەۋا.
8. ھۇببۇلۋەتەننى ياد ئېتىپ جانىم قۇشى فەرياد ئېتۇر،
زىندانى غەم ئىچرە كۆرۈپ تەندە ئەلەم، جاندا ئەنا.
9. ھەر نېچە سۆز ۋەسلىڭدىن ئۇل ئەيتۇر ھەمە ھەزيان ئېرۇر،
ئاجىز زۇھۇرى ھالىنى كۆر ئىشق ئارا تەگمىش ھەۋا.

# 4

1. ئەي كېلىپسەن گەۋھەرى يەكتا بەنى ئادەم ئارا،
ھەر دۈرى يوقتۇر سەدەف ئىچرە سېنىڭدەك يەم ئارا.
2. ئىشق بەھرى مەۋجىدىن بولمىش مۇقاتىر قەترەلەر،
قەترەئى يوقتۇر سېنىڭدەك دەجلەئى قۇلزەم ئارا.
3. ئافەرىنىش گۈلشەنىنىڭ بۇلبۇلى خۇشخانى سەن،
بوستانى «ئەللەمەكە مالەم تەكۇن تەئلەم» ئارا.
4. پەيرەۋىلىغىدىن فەلەكدە مەسكەن ئەتتى ئول مەسىھ،
بولدى مىئراجى ئانىڭ بۇ «لەم يەكۇن تەئلەم» ئارا.
5. ئول تەمەننادىن ئىشكىڭگە سۈرەي دەپ يۈز قۇياش،
چەرخ ئەۋجىدىن تۈشەر غەم شامىغە ئالەم ئارا.
6. نې قارا بولمىش ئەجەب گەر بىلسەم ئول يەلدا تۈنى،
فۇرقەتىڭدىندۇر قارا قىلمىش ئىگىن ماتەم ئارا.
7. ئىسمىڭ ئەھمەددۇر مۇھەببەتدىن نىشانى كۆرگۈزۈپ،
كەلدى ھا مىم ئۆزرە ئانداغ يوق نىشان ئالەم ئارا.
8. شەھ كېلىپسەن جۇملەئى شەھلەرغە، پەيغەمبەرغە ھەم،
جان ئېرۇرسەن، ئۆزگەلەر تەن خەت كەبى خاتەم ئارا.
9. سىدق ئەھلى شەفقەتىڭدىن بولدى يارى باسەفا،
جەھل ئەھلىدۇر ۋۇجۇدىڭدىن ھەمىشە غەم ئارا.
10 ساف ئېنەي كۆڭلۈم يۈزۈڭ ئەكسىنى سالغايسەنمۇ دەپ،
ئۈيلەكىم ئانداغ قۇياش ئەكسى تۈشەر زەمزەم ئارا.
11. ئىنلارىڭدىن ئىلتىماس ئەيلەر زۇھۇرى كاشكى،
قاتقاي ئول ئۆز خەيلى ئىچرە زۇمرەئى مەھرەم ئارا.

# 5

1. جان گۈلشەنىدە زۇلفىلارىڭ ئەنبەرى سارا،
كۆڭلۈم يۈزىدە بولدى يۈزۈڭ ئەكسى دىلارا.
2. رۇخسارىڭۇ زۇلفۇڭ مېنى ئاشۇفتە ئېتىپتۇر،
بۇلبۇل كەبى ھەر شامۇ سەھەر لەيلۇ نەھارا.
3. گىيسۇۋۇ يۈزۈڭ كۆڭلۈم ئارا تۇتتى مەقامى،
گوياكى قىلىپ رۇمى بىلە ھىندۇ مەدارا.
4. تا بولغالى شام ئەھلىغە بۇ سۇبھى ۋىسالىڭ،
غەم شامىدادۇر ئەھلى سەمەرقەندۇ بۇخارا.
5. بۇ دار ئارا گەر جىلۋە قىلۇر بولماسا ھۇسنۇڭ،
نە ئىشكە ئېتۇر رەزم سىكەندەر بىلە دارا؟
6. مەجنۇن كەبى دىۋانە ئېتىپتۇر ھەمە ئەلنى،
تا بولغالى لەيلى سىفەتىم بۇ چەمەن ئارا.
7. نازۇك بەدەنىڭ ئىچرە باغىر تاش كۆرۈپمەن،
كۆرگەنمۇ كىشى شىشەئى سەھبا ئارا خارا.
8. ئول يەردەكى جانىم قۇشى پەرۋازلار ئەتسە،
ئۇچماقدا مەلەك ھۇرۇ قاقۇر جۇملە نەقارا.
9. شىرىن لەبى گەر چەكسە ساڭا قۇدسى كەلامىن،
سۆز سىررىدە فەرھاد ئىلە خۇسرەۋغە نە يارا؟
10. گەر يەتسە قۇلاقىغە بۇ ئۇششاق مەقامى،
رەققاس بارىپ چەرخ ئۇرۇر چەرخ ئۆزە زۇھرا.
11. ۋامىقدىن ئاشۇر كۆرسە ئۇزارىڭنى زۇھۇرى،
ھۇسنۇڭ گۈلىگە ئۇزر قىلۇر باغ ئارا ئۇزرا.

## 6

1. نەقشبەند ئەتتى جەماللىڭ پەرتەۋى جانىم ئارا ،
تەفرىقە تۈشتى قارا زۇلفۇڭدىن ئىمانىم ئارا .

2. مەجلىس ئەھلى نەقلى گۇلدىن باغ ئارا دىلشاد ئولۇر ،
نەقلى گۇل بىلدىم كۆزۈمدىن ئاقسا ياش قانىم ئارا .

3. تاغۇ دەريا ئاجىز ئولغاي يۈك ماڭا بولمىش نەسىب ،
مۇنچەمۇ ئافەت بولۇر بۇ جىسمى ۋەيرانىم ئارا .

4. ھەجرىڭ ئەيلەر جەمئى زىدلارنى ، ۋىسالىڭ نىتكۈسى ،
سۇ بىلە ئوت جەمئ بولدى ئاھۇ ئەفغانىم ئارا .

5. ۋەھكى قاشىڭ يادىدىن بۇزار جىسمىم يايىدىن ① ،
غەم سىپاھىدىن قىلىچلار بولدى قالقانىم ئارا .

6. تابى يوقتۇر بۇ يۈزۈمنىڭ ئاي يۈزۈڭگە باقغالى ،
تا نى زۇلفۇڭ چىرماشىپدۇر ئىشقى پىچانىم ئارا .

7. نىچە غەم تەككەنسىرى ئاشىقغە سەندىن شادلىق ،
كۆرمەگەننى كۆرسەتىپ مەن ئاشىق ئولغانىم ئارا .

8. مىڭ جانىم بولسا فىدا بولسۇن جانىمنىڭ جانىغە ،
كىرسە جانانىم لەتافەتدىن بۇ ئەيۋانىم ئارا .

9. نالەۋۇ فەرياد ئىتىپ بۇلبۇل كەبى دەيدۇر زۇھۇر ،
كۆرمەمىشمەن سەن كەبى بىر گۇلنى بوستانىم ئارا .

① بۇ سۆز قول يازمىدا « يادىدىن » دەپ يېزىلغان ، مەزمۇنى ئېتىبارى بىلەن « يايىدىن » دەپ ئېلىندى .

1. جان گۈلشەنىدە قەددىڭ ئەرئەرمۇ ئىكىن ئايا،
قەددىڭ ئۆزە رۇخسارىڭ ئەھمەرمۇ ئىكىن ئايا.
2. ھۈسنۈڭ ئارا ئول لەئلىڭ ياقۇتمۇ ئىكىن ئايا،
بىر شۇئلە ئارا گويا ئەخكەرمۇ ئىكىن ئايا.
3. كۆڭلۈڭ ئارا لەئلىڭنىڭ پەرتەۋسىمۇكىن ئايا،
ئىشقىڭ ئوتىدىن قويغان مەجمەرمۇ ئىكىن ئايا.
4. سەۋدايى قىلۇر زۇلفۇڭ بويى ھەمە ئالەمنى،
يا مۇشكى خوتەن يا ھەم ئەنبەرمۇ ئىكىن ئايا.
5. ئول ئىككى قۇلاقىڭدا دۇردانەمۇ ئىكىن يا خۇد،
ھەر جانىبىدە ئاينىڭ ئەختەرمۇ ئىكىن ئايا.
6. يا كۆڭلۈم ئارا تۈشكەن كۆز بىرلە مىژەڭ ئەكسى،
يا نەيزەمۇ سانچار، يا خەنجەرمۇ ئىكىن ئايا.
7. نې غەمزەلەر ئەيلەرسەن ھەر دەمدە كۆزۈڭ يۇملاپ،
سانچۇرغە ماڭا تۈشلاپ نەشتەرمۇ ئىكىن ئايا.
8. ئۇششاق مەقامىدا دەرد ئولغۇسىدۇر مەتلۇب،
ھىجرىدە ئاقىزغان ياش دۇرلارمۇ ئىكىن ئايا.
9. ئەل دەيدۇ زۇھۇرىنى لاف ئۇردى مۇھەببەتدىن،
بۇ لافى ساڭا، جانا، باۋەرمۇ ئىكىن ئايا؟



BIBLIOTHEK

## 8

1. چابۇكىم ئاتلانۇردا كۆپ بولماسۇن دەپ غۇبار ئاڭا،
ئەشكى تۆكۈپ بولۇر كۆزۈم يولىدا ئىنتىزار ئاڭا.
2. زارى بولۇپ چەمەندە مەن مۇنتەزىر ئول جەمالىغە،
گۇل يۈزى سارى كۆز تىكىپ كىرپىكىم ئولدى خار ئاڭا.
3. نازۇ كەرەشمەسىن كۆرۈڭ زۇلفىدە ھەم شىكەنجلەر،
ھەلقەئى رۇھىغە سالىپ ئەيلەدى بىزنى زار ئاڭا.
4. ھەجرىدە سىندۇرۇپ كۆڭۈل ئەيلەدىمۇ يايى ۋەسل،
سىنغانىدىن ئۇلاغ ئېتىپ ئەتتى ئۆزىن سەۋار ئاڭا.
5. قىلسە شۇكۇفتە سايەبىن بولغاسى شەق دىماغلار،
جەزبە ئول مەشامىدىن سۇنبۇلى دۇر بەھار ئاڭا.
6. كىرسە بۇ باغلار ئارا چۇست ئېتىپ سەمەندىنى،
بولسە تۇۋاقى ئارالارى ئىككى كۆزۈم نىسار ئاڭا.
7. كەچسە زوھۇر باشىدىن يارى ئۈچۈن نە ئەيبىم،
جانۇ جەھانىنى فىدا قىلسە يۈز ئىفتىخار ئاڭا.

## 9

①........................................

1. ئەيلەسەم مەن كۆزلەرىمنى ئول تەمەننادىن قۇدۇق،
تۈشمەدىڭ سەن بۇ قۇدۇقغە يۇسۇفى كەنئان بولۇپ.
2. بۇ زوھورى ئىيدى رۇخسارىڭ ئۈچۈن ئوششاقىڭە،
نەزرە جان ئەتكەي ئۈلارغە ھەم ساڭا قۇربان بولۇپ.

---

① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى نېمە ئۈچۈندۇر كۆچۈرۈلمىگەن، بولمىسا دىۋاندا بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق.

## 10

1. ساقىيا، ئەيلە مېنى بىر ماھ ئۆچۈن بادەپەرەست،
ئەت ماڭا غەيلىنى ھەم پايى جۇنۇنۇ ھەمەست.
2. ۋائىزا، ئەيلەمە تەكلىف مېنى دىن سارىغە
كىم بۇ كۆن تەۋبە ئۇشاتقان كۆنى بولمىش مەنى مەست.
3. مېنى كۆرمەك بىلە تۇتما بۇرۇن، ئەي زاھىدى يەخ،
ئەيلەدى مەست مېنى تۇتتى بۇرۇن جامى ئەلەست.
4. زەخم كۆپ كەلدىيۇ يارىم قاشىدىن پەيۋەستە،
زەخمىنىڭ دەردىگە دەرمان دېدى مەي ئىچ پەيۋەست.
5. مېنى مەيخانە ئارا ساقىئى مۇترىب قىلمىش،
ئېتىبان بادەپەرەست، ساغەر بىرلە پابەست.
6. كېلىپ ئول شوخى پەرى دىلبەرى چابۇك، ئايا،
شەيخلەر بەزمىنى بەرھەم ئېتىبان بەردى شىكەست.
7. كىرمەگىل شەيخى رىيايى يولىغە ھىچ، زۇھۇر،
ئەتكۆسى پىرى مۇغان سېنى بىر جام ئىلە مەست.

## 11

1. جان ئارا سەرۋى نىھالىمدۇر قەدى زىبا يىگىت،
ئوت سالىپ كۆڭلۈمگە كىردى ئول خەلىل ئاسا يىگىت.

2. گۈلشەنى ھۆسنىگە كىرسەم گۈللەرىدىن بوي ئالىپ،
مەست ئەيلەپ قاچتى مەندىن ئول كۆزى شەھلا يىگىت.

3. ھەجرىدە ۋامىق كەبى ھەر نىچە زار ئولسام ئاگا،
غۇنچەدەك كۆزدىن نىقابىن ئالمادى ئۈزرا يىگىت.

4. كىم مەنى دىۋانەگە ئەيلەپ پەرىۋەش جىلۋەلەر،
ھەر زەمان كۆڭلۈم ئالۇر ئول كۆزدە ناپەيدا يىگىت.

5. نە فۇسۇنۇ دەم ئىدى كىم ھوردى بۇ جىسمىم ئارا،
نە ئەجەب يۈكلەرنى (يۈكلەپ) ئول مەلەك سىيما يىگىت.

6. ئۈچ گۇرۇھ لەشكەر ئۆتەر ھەر كۈندە ئول ئەفسۇنىدىن،
كۆزلەرى جەللادۋەشىدۇر لەئلى جان ئەفزا يىگىت.

7. مەن ئۆزۈم تۇفراق ئىتىپ ياتسام يولىدا گۇم بولۇپ،
سەركەش ئاتىن سەكرەتىپ ئۆتكەيمۇ رەھپەيما يىگىت؟

8. تۈنۈ كۈن ھەجرىدە زار ئولسام كۆزۈمدىن قان تۆكۈپ،
ھېچ باقمايدۇر مىنىڭ ھالىمغا بىپەرۋا يىگىت.

9. ئاھۇ ئەفغان ئەيلەسەڭ ھەر سۇبھىدەم بىدار ئولۇپ،
ئەي زۇھۇرى، نىگە رەھم ئەتمەس ساڭا مىرزا يىگىت؟



## 12

1. مەنى بىچارەنى بىخانۇمان ئەت،
ئۆزۈڭ ئىشقىدا رەسۋايى زەمان ئەت.
2. جىگەر قانىدىن ئەيلەر جويبارى،
ئۇقۇڭ جانىم ئارا سەرۋى رەۋان ئەت.
3. نىشانە ئەيلەدىم سىنەم ئۇقۇڭغە،
ئاڭا پەيۋەستە قاشىڭدىن كەمان ئەت.
4. تىلەر جانىم قۇشى ئەيلەرنى پەرۋاز،
ئانىڭ پەرۋازىنى بىر لامەكان ئەت.
5. نىسار، ئەيلەي ساڭا جانۇ-جەھانىم،
قەبۇل ئەيلەپ بۇلارنى قەسدى جان ئەت.
6. مېنى مەست ئەيلە تاكىم سۇبھى مەھشەر،
كۆزۈڭ پەرتەۋسىدىن ئۆسرۈك نىشان ئەت.
7. زۇھۇرى بولماسا يادىڭدا بىردەم،
قىيا باققانىدىن ئىلكىڭنى قان ئەت.



# 13

1. مەزھەرىدىن تاشقە يوقتۇر زاھىر ئولغان بىر سىفات،
بولماغاي ئانىڭ سىفاتى مەزھەرى يوق ھىچ زات.
2. ئىشق بەھرى مەۋج ئۇرۇپ ئەبرى مۇقاتىر ئەيلەدى،
ئول سەبەبدىن كۆزگە پىنھان مەزھەر ئولدى كائىنات.
3. بىز قالىپ غەفلەتدە ۋەلېكىن شەھادەت كەلتۇرۇپ،
ھۇشيار ئەھلىدە فەرياد ئۇرغۇسىدۇر مۇمكىنات.
4. خەتتى جان بەخشى يازىپ بۇ دەھردە بىر نۇكتەئى،
بەل سەمادىن تا سەمەككە ئىنسۇ جان تاپتى ھەيات.
5. ھۇسنىنى ياشۇردى گويا بىزنى سەرۋەردان① ئېتىپ،
ئەكسىنى سالدى كۆڭۈلگە ئەتتى مىرئاتى سىفات.
6. بۇ قارا كۆڭلۈمدە گويا ئوقلارى كىم گويىيا،
خەت يازۇرغە فۇرقەتىدىندۇر قەلەم بىرلە دۇۋات.
7. كۆزنى سىير ئەيلەپ قارا يازسام ئانىڭ سارىغە خەت،
يەتكۇرۇر بولغاي سەبا ئاھىم يەلىن قىلسام قانات.
8. ھەر زەمان جانىم نىسار ئەتسەم ئول ئەيلەر نازلار،
كاشكى جانىمنى ئەيلەر ھەجرىدىن بەرسە نەجات.
9. يارنىڭ دەردى زۇھۇرىنىڭ مەزاقىغە بىرۇر،
لەززەتى كىم بەرمەگەي شەھدۇ شەكەر بىرلە نەبات.

---

① «سەرۋەردان» — «سەرگەردان» سۆزىنىڭ ئاپتور ياكى كاتىپ تەرىپىدىن ئاشۇ خىلدىكى ئېيتىلىشى بولسا كېرەك.

## 14

1. ئىلاھا ئىشق شەھرىنى ئامان ئەت،
ھەممە ئاشىقلارىڭنى نۇكتەدان ئەت.
2. ئېتىپ كۆڭلۈمنى خالى ماسىۋادىن،
بېرىپ جارۇب ئاڭا ئاندا مەكان ئەت.
3. مېنى ئەيلەپ گەدا كويىڭدا ھەردەم،
ھەبىبىڭنىڭ ھەدىسىدىن نىشان ئەت.
4. ئېتىپ ئىسيان تولا يۈز قارە قىلدىم،
سەۋادۇل — ۋەجھ رەمزىدىن ئەيان ئەت.
5. ھەبىبىڭ ھۆرمەتىدىن ئەفۋ ئەيلەپ،
ماڭا رەھم ئەت، سىفاتىڭدىن بەيان ئەت.
6. قايۇكىم بولسا رەھمەتكە سەزاۋار،
زۇھۇرىنى ئاڭا سەن ھەم ئىنان ئەت.



## 15

1. ئەي كۆڭۈل، يار ئۆزگىلەر بەزمىدە① بولدى پايى بەست،
قان ياشىڭ تۆك، بىز ئىكەۋگە زەئفى ھىجران بەردى بەست.

2. ۋەسل بەزمىدە سۇرۇدىن چەكتى مۇترىب، ئاھكىم،
لەئلىغە ئول يەتتى، بولدۇم ھەجر تۇفراغىدا پەست.

3. نېچە كۆز تۇتسام ئىزىنىڭ② تۇفراغىن كۇھل ئەتكەلى،
خاكى پايى ئەتمەدى كۆز مەنزەرى ئىچرە نەشەست.

4. تاپماغاي ھەرگىز جەھاندا ئىستەسە بىر ئاقىلى،
مەن كەبى ئاشۇفتەۋۇ ئول يارىدەك بىباك مەست.

5. مەستلىكتىن ئۆزگە يوقتۇر چارە ئەمدى، ساقىيا،
مۇۋدەئى دەير ئەھلىغە يەتكۈرگىل، ئولدۇم مەي پەرەست.

6. غەرق ئولاي مەي بەھرى ئىچرە قالماغاي مەندىن نىشان،
كۇفك يەڭلىغ، زاھىدا، تاكى بولاي دەستار بەست.

7. ئەي زۇھۇرى، مەزھەرى گەر يارلىغ ئەتسە ساڭا،
سەنئەتىڭ بىرلە بىرۇرسەن خەيلى ئابىدغە شىكەست.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «امىدا» شەكلىدە يېزىلغان.

② بۇ سۆز قول يازمىدا «كۆزىنىڭ» دەپ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

## 16

1. نې قارا مۇڭدۇر باشىمغا قىلدى جەۋر ئىزھار دوست،
ئەي كۆڭۈل، غەم دوستى بولغىل، تۇتماغىل زىنھار دوست.
2. كۆڭلەرى خەلق ئىچرەۋۇ ھەر كېچە زار ئۇلسام نې تاڭ،
ۋەھكى دائىم يەتكۈزۈر، مەن زارىغە ئازار دوست.
3. ئىستەسەم گۈل ۋەسلى باغىدىن مېنى ھەجر ئەتتى خار،
خارقىلماققە بۇ بائىس گۈل ئېمىشدۇر خار دوست.
4. ھەر كېچە نالەمدىن ئۇل ئەغيارلارغە ئۇيقۇ يوق،
دەردناك ئولدۇم داغىكىم بولمادى بىدار دوست.
5. كۈلسە دۇشمەن ئەيب ئەمەس، بەزم ئىچرە بولسام پايى كۇب،
نىمى بىسمىل قۇش كەبى چەرخ ئەيلەسەم بىسيار دوست.
6. مەزھەرى، قىل دوستلۇق، تۇت قوللارىم ①، يوقتۇر غەمى،
بولسە ئالەم دۇشمەنى ھەركىمگە سەندەك يار دوست.
7. ئەي زۇھۇرى، چەرخنىڭ مېھرىگە مەھرەم ئولماغىل،
ھېچ كىمگە بولمامىش ئول دۇشمەنى غەددار دوست.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «قويلارىم» دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن.

## 17

1. جانىمدا سەرۋدەك ئەتسە ئىقامەت ئۇل قامەت،
كۆڭۈللەر ئىچرە سالۇركىم قىيامەت ئۇل قامەت.
2. جانىڭنى سەن تولا بىلمە نىسار ئېتىپ مەغرۇر،
كى زۇلم ئېتوردىن ئىمىش بىنەدامەت ئۇل قامەت.
3. جەھانغە سالدى ئەجەب فىتنە ئۇل كۆزى فەتتان،
بۇ فىتنەدىن ئۆزى بولغاي سەلامەت ئۇل قامەت.
4. كۆرۈرگە ھەددىنى يوقتۇر خەيالىنىڭ ھەددى،
نە كۆز يېتۇر، نە كۆڭۈل بىنەھايەت ئۇل قامەت.
5. زۇھۇرى، قامەتىنى ئىستەسەڭ جەفاكەش بول،
جەفادا تابغان ئېمىش ئىستىقامەت ئۇل قامەت.



## 18

1. جىلۋە قىلغاچ يەنە ئۇل قاتىلى بىباك يىگىت،
ئالدى جان بىرلە كۆڭۈل مۇلكىنى چالاك يىگىت.
2. جان نىسارىن كۆڭۈل ئەيلەپ بۇ كۆڭۈل كۆردى ھەمان،
نې ئەجەپ زالىمۇ قاتىل نې ھەۋەسناك يىگىت.
3. ئەقل پىرىغە خەلەل بەردى خەرابات ئەھلى،
بەزم ئارا بولغاي ئۇل ساھىبى ئىدراك يىگىت.
4. پاك دامەنلەر ئانىڭ ۋەسلىنى بەس قىلدى ھەۋەس،
پاكلار مەئمەنىدىن تۇتتى ئۆزىن پاك يىگىت.
5. ياقاسى چاك ئۆزى بىباك بىلىدە زۇننار،
چاك ئەيلەرگە كۆڭۈلنى ياقاسىن چاك يىگىت.
6. شۇكرىلەر قىل داغىكىم دەردۇ ئەلەم يەتسە ساڭا،
ئۇل كۆڭۈل غەملەرىدىن تۇرفە تەرەفناك يىگىت.
7. ئەي زۇھۇرى، يىگىتىم شەرھىنى ئايتىپ تۈگمەس،
تا قىيامەتدۇر ئانىڭ زۇلفى ئەرەفناك يىگىت.



# 19

1. ئول كۆزى جەللادى ئاسقاچ تۇرفە ساداغۇ قىلىچ،
تىيرى بارانى غەمدە قالمادى جاندىن ھەدىس.
2. جان دەرىغ ئولماس ئەگەر جانان ئاڭا مۇھتاجدۇر،
تەركىن ئەيلەرمۇ رەئىيەت بولسا سۇلتاندىن ھەدىس.
3. سۆزلەيىن مەن تا تىرىك قالۇ مەقالۇ ئىشقدىن،
ۋەھكى ئول بەڭگى گەدا ئەتكەن كەبى ناندىن ھەدىس.
4. تەلبەلەر بەزمى ئارا ئاقىل ئەجەب بىگانەدۇر،
ئاقىلى بىگانەدىن سور، سورما ① نادانىدىن ھەدىس.
5. ئەي زۇھۇرى، جىسمۇ جانىڭ ئاسراغىل جانان ئۈچۈن،
كىردى جانىڭ بۇ تېنىڭگە بولدى جاناندىن ھەدىس.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا چۈشۈپ قالغان.

## 20

1. مېنىڭ مەست ئۇلماغىمغە ئول كۆزى مەيگۇن ئېرۇر بائىس،
گىرىفتار ئۇلماغىمغە لەبلەرى ئەفسۇن ئېرۇر بائىس.
2. ئەمەستۇر ئەيب گەرچە باشىمە ياغدۇرسا تاش ئەفلاك،
ئانىڭدەك تىفللەر تاش ئاتقالى مەجنۇن ئېرۇر بائىس.
3. مېنىڭ قالىمدۇر ئانداغ، ئاخىرى غەم كەلسە تاڭ يوقكىم،
دەبان ھۇببۇل-ۋەتەن كەلمەككە بۇ مەھزۇن ئېرۇر بائىس.
4. جەھاندا رەغبەتىم يوقدۇر ئىچۇرگەكىم مەيى مەخرۇج،
شەرابى شوخ ئىچۇرگە ساقىئى مەۋزۇن ئېرۇر بائىس.
5. نە ئىشكى بەزم ئارا مۇترىبنى جەمئ ئەيلەبدۇر ئول يارىم،
يامان كۆڭلۈم ئالۇرغە چۇنكى ياخشى ئۇن ئېرۇر بائىس.
6. نې تاڭ گەر مىڭ تۈمەن ئەفسانە قىلسام يار ھەجرىدە،
پەرىنىڭ بەندىغە خەلق ئىچرە ھەم ئەفسۇن ئېرۇر بائىس.
7. زۇھۇرى، ۋەھ، رەقىبىڭ شەرھىنى ئايتىپ تۈگۈنمەسكىم،
مېنى ھىجران ئارا قويماقغە بۇ مەلئۇن ئېرۇر بائىس.



## 21

1. جان قۇلاقىغا پىتىشتى لەئلدىن شىرىن ھەدىس،
ئاڭلاغان ئىرمەس قۇلاقلار بۇ يوسۇن تەھسىن ھەدىس.
2. ساقىيا، تۇتقىل مەيى ئىشرەتنى، مۇترىب، ساز قىل،
بەزمەمىزدە بولماغاي بىرلەھزەئى غەمكىن ھەدىس.
3. ھافىزا، بىردەم غەزەلخانى داغى بولغاي كەمال،
قالماغاي بىزدە خەلايىقۇ ئەۋايىقدىن ھەدىس.
4. زاھىدا، دەم ئۇرماغىل، مەن كۇفردىن تاپتىم رەۋاج،
كۇفر ئەھلىگە خوش ئىرمەس ئەيلەسە مۇئمىن ھەدىس.
5. كىم قۇيۇن بادى بەھاردىن بۇرۇن تۇفراقنى —
قوزغاغاندەك، ۋائىزا، سەن ئەيلەمە رەڭگىن ھەدىس.
6. كۇفر دىندىن سۆزلەدىم مەن كۇفردىن بىزار ئىدىم،
خەيلى كۇففار ئايلىدا، ۋەھ، ئەيلەدىم خۇدبىن ھەدىس.
7. ئەي زۇھۇرى، نىچە سۆز تاپساڭ ئىبەر مەزھەر سارى،
ھەر زەمان ئەيلەر بۇ نەزمەڭنى ئەجەب تەھسىن ھەدىس.



## 22

1. شەۋق ئوتى كۆڭلۈمدە ئانداق ئەيلەر ئەخگەر بىرلە بەھس،
لالەگۇن مەي تابىدىن رۇخسارى ئاۋەر بىرلە بەھس.

2. جان بىرۇر نۇتقى① ئالۇر جان كۆزلەرىن جەللاد ئېيتىپ،
ئۇيلەكىم جەللاد لەئلى رۇھپەرۋەر بىرلە بەھس.

3. ئىشق ياسىدىن يۈرەككە تەگكەن ئوقنىڭ سۈرەتى،
ھەجرىنىڭ يەلدا تۈنىدە ئەيلەر ئەختەر بىرلە بەھس.

4. قان تۆكۈلدى باشىمە مەئشۇق ھىجرانىداكىم،
ئەيلەر ئانىڭ دەفئىغە مىژگانى نەشتەر بىرلە بەھس.

5. پەرتەۋى چۈشسە جەمالىڭنىڭ كۆڭۈل② كۆزگۈسىگە،
رەھنەمالىق ۋەقتى ئەيلەر بەدرى ئەنۋار بىرلە بەھس.

6. ھەجر شامى ئەيلەدى يەلدا تۈنى بىرلە جەدەل،
ئەيلەمىش فۇرقەت كۈنى ھەم روزى مەھشەر بىرلە بەھس.

7. باغ ئارا ھەر سەرۋدىن ئول قەد نەمۇدار ئەيلەدى.
ئەيلەر ئول فىردەۋس ئىچىدە قەددى ئەرئەر بىرلە بەھس.

8. بۇلبۇلۇ تۇتى تالاشۇر لەئل شەككەر خايىنى،
ئەيلەگەندەك سەنئەتى ھەر دەمدە مەزھەر بىرلە بەھس.

9. ئەي زۇھۇرى، قالدى جانىڭ قاش ئىلە كىرفىك ئارا،
قەتلىگە ھەردەم قىلۇردە يۇسۇف خەنجەر بىرلە بەھس.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «نۇقتى» يېزىلىپ قالغان.

② بۇ بېرىكمە قول يازمىدا «جامالىڭ كۆڭلىدىن» دەپ كۆچۈرۈلگەن.

## 23

①.....................................................

1. نىگە ئەيلەرسەن جەھان ئەھلىغە ھەر سىررىڭنى فاش،
كىمكى يار ئولسا ساڭا ئول يارنىڭ ھەم يارى بار.
2. مەيگە ئوخشاتقان فىرىبى ئامىزىدىن ئىچمەگىل،
ئىچسە بىركۈن تەلبەرەتكەچ ئۈچ كۈنى بىمارى بار.
3. كى خەۋەر تاپساڭ ھەقىقەت مەيلەرىدىن شەممەئى،
زۇھدۇ تەقۋا تەرك ئېتىپ مەيخانە خەيلى سارى بار.
4. مەينى نەقد ئالماقىغە سەندە ھىچ ۋەجھى بولماسا،
رەھن ئەيلە بۇ زۇھۇرىنىڭ ھەمان دەستارى بار.



① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى يوقالغان.

## 24

1. مېنى ھىجران ئارا تاشلار نېدىنكىم باغرى تاشمىدۇر،
بۇ غەم شامى ئارا سەرگەشتە قىلغان ئول قۇياشمىدۇر.
2. باشىمغە ياغدى ھىجران تۈنلەرى يۈزمىڭ بەلا① تاشى،
سىرىشكىم تاشقە ئاقسە قان بولۇپ قان ئىچكى ياشمىدۇر.
3. ئەگەر كۆرسەڭكى شوخۇم زۇلفى چەۋگانىدا ئىككى گوي،
بىرى غەم تاشىدۇر قاتقان، بىرى سەرگەشتە باشمىدۇر.
4. نىياز ئەتسەمكى جانىم ناز ئېتەر يۈز ئانچە جانانىم،
ئول ئالماسلىقغە قويماسلىغ ئارادا جان تالاشمىدۇر.
5. دېمەڭ ئول يارنى تاشلاپ سېنى بىگانەلىغ ئەيلەر،
تۇفۇلىيەتدە قىلغان پەرۋەرىش ھەم ئەزرداشمىدۇر.
6. ۋەلي بىر باغبان باغىدا سۆيگەن سۇ ئىدىم ھەمجوي،
خەزانى ھەجر ئارا سارغارتقان ئۇلكىم باغداشمىدۇر.
7. جەھان خەلقىغە فاش ئەتكەن نىھانى [ئول] زەمىرىمنى،
بۇ دەم ئول ئوتلۇق ئاھۇ يۈزدە رەڭگىم، كۆزدە ياشمىدۇر.
8. كۆيۈپ ئىتلار مېنى مەنئ ئەيلەيۈرچاق ئىشق دەشتىدە،
نىدا كەلدى خەلەل يوقكىم مېنىڭ مىسكىن قاياشمىدۇر.
9. خەيال ئەيلەپ كۆڭۈلدە كۆرمىشەم مىھراب ئارا شوخى،
دېدى: يارىمكى كۆرگىل بۇ،زۇھۇرى،كۆزۇ قاشمىدۇر.

① بۇ سۆز قول يازمىدا يوق، قوشۇپ قويۇلدى.

## 25

1. قەترەئى سۇدىن ئىككى دەريا ئەجەب جارى بولۇر،
بۇ ئىككى دەريا ئارا دۇررى گۆھەر بارى بولۇر.
2. ھەجرىنىڭ ئەندۇھىدىن ھەردەم سىرىشكىم قانىدىن،
يۈز سارىغ بولغانچە ئىككى رۇخدە گۇلنارى بولۇر.
3. زۇلفى مۇشكىندۇر مۇھەببەت رىشتەسى ئىشق ئەھلىنىڭ،
گەردەنىدە تەۋق ئىلە بېلىدە زۇننارى بولۇر.
4. بارچە ئەل ئىستەر دەۋا، ئاشىقلار ئىستەر دەردىنى،
ۋەھكى ئۇششاق ئەھلىگە ھەمدەرد دىلدارى بولۇر.
5. دەردىسىزلەرگە ئىچۈرسە ئابىھەيۋاندىن ئاياغ،
بىر كېسەكدۇركىم ئانىڭ قايدىن خەرىدارى بولۇر؟
6. دەردلىكلەرنىڭ دەۋاسى يارنىڭ رۇخسارىدۇر،
مات ئالۇرغە دەردسىزلەر شاھ رۇخسارى بولۇر.
7. ئول قوياشىمكىم زۇھۇرى بار① ئانىڭ جەمايەغە②،
ۋەسلىدە يۈز نۇردۇر، ھەجرىدە مىڭ نارى بولۇر.

① بۇ يەردە قولىيازمىدا «دۇر» دېگەن سۆز بولۇپ، ۋەزىن ئۈچۈن ئارتۇقچە بولغاچقا ئېلىۋېتىلدى.

② بۇ سۆز قول يازمىدا «جمايەغە» شەكلىدە يېزىلغان. مەزمۇنى ئېنىق ئەمەس. ئېھتىمال «جەمالىغە» بولۇشى مۇمكىن.

## 26

1. ئاي يۈزىدىن تۇتسا كۆز قاشىدا ئىككى ياسى بار،
ئاتسا دەپ كۆكسۈم نىشانە قىلسام ئىستىغناسى بار.
2. ئىككى يا تارتىپ بىر ئوق ئاتماق ئەجەپ دۇشۋار ئەمەس،
يار ئاتىپ ئاسان بىر ئوق ھەر يەردە جان ئاراسى بار.
3. بەسكى قۇچقاچ قىچقىرىشقاندەك ئىلان ئەفسۇنىدىن،
جان قۇشىن ئەفسۇن ئېتەرگە ئىككى ئەژدەرھاسى بار.
4. زۇلفى دامۇ خالى دانە گۇل يۈزى سەييىاد ئۈچۈن،
گۇلشەنى جان ئىچرە قۇشلار ھەر تەرەپ غەۋغاسى بار.
5. جان قۇتۇلماس ئېرمىش ئول شوخى ستەمكار ئىلكىدىن،
ئۇرغالى جانلارنى ھەر ئاي بابىدە① بىر داسى بار.
6. جاننى كۆرمەك جۇملەئى ئالەم ئارا دەستۇر ئەمەس،
نېگە پىنھان ئولماسۇن ئول جان ئارا مەئۋاسى بار.
7. يول ئىتۈرمىش كارۋانلار ئاي قاراڭغۇ كېچەسى،
ئاي يۈزىنىڭ خەتتۇ خالى زۇلفىدىن ئىخفاسى بار.
8. ئىشق ئاتىغە مىنمەگۈنچە يولنى قەتئ ئەتمەك مەھال،
نې ئۈچۈنكىم يولى ئۈزرە خارى ھەم خاراسى بار.
9. ياردىن بۇ جۇملە ئالەمدە زۇھۇرى بولماسا،
نېدىن ئاڭا بىلمەگەن شەھبازلار سەۋداسى بار؟

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «بابىدە» دەپ كۆچۈرۈلگەن.

## 27

1. نېچە مۇددەتكى مەندىن ئۇل (تامان) يارىم مۇسافىردۇر،
نېچە غايىب ئېسە كۆزدىن ۋەلې كۆڭلۈمدە ھازىردۇر.
2. نې تاڭ مەجنۇن سىفەت كويىدا ھەرنە سارى باش قويسام،
كى لەيلىم ئارەزى خۇرشىدىغە ئەشباھ مەزاھىردۇر.
3. تۇتۇرمەن كۆز ھەمىشە سۇبھى ۋەسل ئۇممىد بۇرجىدىن،
تۇلۇئ ئەتمەس قۇياشىم مەشرىقىدىن نېگە سابىردۇر؟
4. بۇ شامى ھەجر ئارا ھەمرازىم ئولدى دەرد، مۇنس غەم،
جۇدالىغ شىددەتىن شەرھ ئەيلەسەم بۇ ئۇمر قاسىردۇر①.
5. ھىلالىمنى مېنىڭ بەدرى مۇنەۋۋەر ئەيلەگىل، يا رەب،
نېچۈككىم مېھرى ھەر شامۇ سەبا كويىڭدا سايىردۇر.
6. فىراقىڭ ئوتىدا كۆيدى ھەمە خادىم خەلىل ئاسا،
تاغى مەنسۇر يەڭلىغ (كىم) بولۇپ سوۋرۇلسە فاخىردۇر.
7. بايان ئەيلەپ تۈگەنمەس بىر كەمىنە خاد ۋەسفىن،
ئەبۇلمەنسۇر شۇجائىددىن نەبى شەرئىدە ماھىردۇر.
8. ئىلاھا، شاھى يۇسۇفكە ئەدالەت تەختىنى بەرگىل،
ئانىڭدەككىم شەھى مىرى تىمۇر ئالەمدە نادىردۇر.
9. نەسىب ئەتكىل ۋىسال ئەييامىدا بىر كاسەئى ئىشرەت،
زوھورى دەردى ھەجرىدىن بەسى ئازۇردە خاتىردۇر.

① بۇ سۆز قول يازمىدا «قاھىر» دەپ يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قاسىر» دەپ ئېلىندى.

## 28

1. مىنى ھەيرەتكە سالغاچ قويدى فۇرقەت تاغىدا دىلبەر،
ئۆزى ئەيشۇ تەرەب باغ ئىچرە ئەيلەر يار فەررۇخ دەۋر.
2. مىنى كاككۇك① يەڭلىغ زار ئېتىپ تاغۇ تېڭىزلاردە،
ئۆزى زەينەب كەبى باغ ئىچرە سايراپ سەرۋ سىيمەنبەر.
3. نې تاڭ جانىم قۇشى فەرياد قىلسە بۇ قەفەس ئىچرە،
تاتۇرمىش چاشنى جان توتىسىغە لەئلىدىن شەككەر.
4. يامان كۆڭلۈمنى ئالغاچ كەتتى ئالماي خەستە جانىمنى،
تەرەھھۇم ئەتمەدى مەن خەستەگە ئول لەئلى ئەفسۇنگەر.
5. جۇدالىق شىددەتىدىن تۇتسە غەم تاغى كۆڭۈللەرگە،
يارۇر فەرھادۋەش تىل تېشەسىدىن ئول پەرى پەيكەر.
6. نېچۈككى ياش تۆكۈرمەن ئاي يۈزى كۆڭلۈمگە كىرگەن چاغ②،
تولۇئ ئەتكەن كەبى ھەريان قەمەر ئەترافىدىن ئەختەر.
7. زۇھۇرى، ئىشقىڭ ئەر كامىل ئەمەسدۇر، مەزھەرى سادىق،
نېدىن ئاشىق بولۇر كۆرگەچ زۇھۇرىڭنى ساڭا مەزھەر؟

① بۇ سۆز قول يازمىدا «مى كاكول» شەكلىدە يېزىلغان. مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن «مىنى كاككۇك» دەپ ئېلىندى.

② بۇ سۆز قول يازمىدا «مېھمان» دەپ كۆچۈرۈلگەن. ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «چاغ» دەپ ئېلىندى.

## 29

1. ھۆسن باغىدا ئاچىلغان بىر گۈلى رەئنامۇسىز،
گۈنبەزى مىنادا يا ماھى جەھان پەيمامۇسىز؟
2. كۆرمەيىن بولدى كۆزۈم ئەئما، بولۇپ ھەيران خىرەد،
ئالەمى كۇبرا كۆكىدە مېھرى نۇر ئەفزامۇسىز؟
3. كۆرمەدىم سىزدەك لەتافەت باغى ئىچرە بىر گۈلى،
جان ئارا بىر سەرۋ ئۆزرە لالەئى ھۇمرامۇسىز؟
4. ھۆسن باغى ئىچرە سىزدەك (بارمۇ) گۈل ھەم سەرۋى ناز،
سەرۋ ئۆزە نەرگىسمۇسىز، يا كۆزلەرى شەھلامۇسىز؟
5. بارچەنى مەجنۇن ئېتىپ ھەم مۇنچە جەزب ئەتمەك نېدۇر،
چۇستۇ چابۇك، سەڭگى دىل، شەككەر دەھەن لەب يامۇسىز؟
6. ئىشق كامىل بولسە بىلمەس ئاشىقۇ مەئشۇقنى،
باغ ئارا يا گۈلمۇسىز، يا بۇلبۇلى شەيدامۇسىز؟
7. تاپمادىم ئىستەپكى ھەردەم مەسجىدۇ مەيخانەدە،
ئاندا ئېرمەس، مۇندا ئېرمەس كۆزدە ناپەيدامۇسىز؟
8. تاپمادىم ئالەمنى ئىستەپ ئىستەيىن يوقلۇق ئارا،
يا جەھان ئارامۇسىز، يا ھەم پەرى سىيمامۇسىز؟
9. بۇ زۇھۇرى يارىنىڭ زۇلفى پەرىشانىغە دەر:
يۈز قويۇپسىز مەن كەبى ھەر سارى، پۇر سەۋدامۇسىز؟



# 30

1. سەبزپۇش ئەيلەب ھەمە ئالەمنى زىبىا قىلدىڭىز،
فەيزى ئام ئەيلەرنېكىم گويا ھۇۋەيدا قىلدىڭىز ①.
2. غۇنچە كۆرگۈزگەچ بۇرۇن فەتتان گۇلستاننى كۈشاد،
گۇل تەمەنناسى بىلە بۇلبۇلنى شەيدا قىلدىڭىز.
3. گاھ يەتكۈرگەچ نەسىمى سۇبھىدەم ھەر تۈگمەگە،
رەڭگۇرەڭ گۇللارنى ئاچىپ بۇي پەيدا قىلدىڭىز.
4. سالغالى ئالەم 〔ئارا〕 ئىشقۇ مۇھەببەت تۇخمىنى،
بىرنى ساقى، بىرنى مەجنۇن، بىرنى لەيلا قىلدىڭىز.
5. ئىشق ناتەئىيننى بىر سۇرەتكە كەلتۈرگەچ نىھان،
ئاشىقۇ مەئشۇق ئېتىپ سىرلارنى ئىقرا قىلدىڭىز.
6. مۇنچەلەرنى كۆرگەزىپ ئۆزنى ياشۇرماقلىغ نېدۇر،
ئۆزگەلەرنى كۆرمەسۇن دەپ جاندا مەئۋا قىلدىڭىز.
7. كىشۋەرى ۋەسل ئىچرە ھەردەم «كۇنتۇ كەنزەن» سىررىنى،
مۇنتەھا خەيلىگە زاھىر، بىزگە ئىخفا قىلدىڭىز.
8. يار قەدرىن بىلمەگەندە بىلدۈرۈپ ئەمدى نېدىن،
ھەجر ئارا تاشلاپ مېنى ئالەمدە رەسۋا قىلدىڭىز؟
9. ئۇشبۇلار مەسمۇئ بولغاچ يارىم ئايتۇر: ئەي زۇھۇر،
قورقۇپ ھەجرىمدىن، نېدىن ۋەسلىم تەمەننا قىلدىڭىز؟

---

① بۇ بىر بېيىتتا غەزەلنىڭ «قىلدىڭىز» دېگەن رادىپى «قەددىڭىز» دەپ يېزىلىپ قالغان.

## 31

1. بولسه كېرەك يار ئەگەر ئۆزنى گەدا ئەيلەگىز،
ئۆزگەدىن ئۆزكى ئۇمىد ئۆزگەچىلا ئەيلەگىز.
2. قاشى قۇرۇلغان هەمان قەۋسۇ قۇزەهدىن نىشان،
ئاتقالى ئەيلەسە ① نىشان جاننى فىدا ئەيلەگىز.
3. گەر قادالسە جانغە كىرفىك ئوقنى قاتار،
رېشىمە مەرهەم دەبان جانغە دەۋا ئەيلەگىز.
4. كىمكى تاپپىدۇر فەنا جامنى ئىچكەچ بەقا،
جان بىلە باشنى قويۇپ راهنەما ئەيلەگىز.
5. بارچەدىن ئۆتمەك هەمان ۋەسل بولۇر بىگۇمان،
ۋەسلنى تاپغان زەمان ئۆزنى جۇدا ئەيلەگىز.
6. ئىشق بەلىياتىدىن هەرنەكى هادىس بولۇر،
قاچسە بارى ئەل بارىنى بارى ماگا ئەيلەگىز.
7. نەزم ئايتايىن دەپ [زۇهۇر] شامۇ سەهەر لاف ئۇرۇر،
مەزهەرى، ۋەقتى بىلە ياخشى دۇئا ئەيلەگىز.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «ئەيلەپ» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن هەم مەزمۇن تەلىپى بىلەن «ئەيلەسە» دەپ ئېلىندى.

## 32

1. نېدىن مۇنداق ۋەفاسىزلىق قىلۇرسىز،
جۇنۇب ئەيلەپ يەنە كۆزدىن سالۇرسىز؟
2. ۋىسال ئىستەپ فىدا جانىمنى قىلسام،
يۈز ئىستىغنا بىلە سۆزلەر قاتۇرسىز.
3. نىيازۇ ئەجز ئىلە جانانغە دەر مەن،
بېرىپ جانىمغە جان، يا جان ئالۇرسىز.
4. ھەرارەتدىن ئاچاي سىينەمنى ھەردەم،
كى نېچە ئىشق ياسىدىن ئاتۇرسىز.
5. كى ھىجران دەشتىدە بىر سارى قىلماي،
داغى يۈز جەۋرنى مىئاد ئېتۇرسىز.
6. ۋىسال ئەييامى يوقتۇر كۆرمەسەم مەن،
نېگە بىر① كۆرسەتىپ تاشلاپ كېتۇرسىز؟
7. ۋەفادىن ئىستەسە ئەندەك زۇھۇرى،
نېدىن مۇنداق ۋەفاسىزلىق قىلۇرسىز؟



① بۇ سۆز قولىيازمىدا يوق، مەزمۇن ۋە ۋەزىننىڭ ئېھتىياجى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

## 33

1. نەۋباھار ئەييامىدا مەن خەستە قالدىم يارسىز،
بۇلبۇلىدەككىم خەزان ئىچرە گۇلۇ گۇلزارسىز.

2. بولدى ھەر باغ ئىچرە ھەريان گۇللارى جانىمغە ئوت،
ۋەھ جەھەننەمدۇر ماڭا ئول سەرۋ گۇل رۇخسارسىز.

3. جان چىقۇر ھالەتغە يەتتى، ساقىيا، مەي شەۋقىدىن،
ئابىھەيۋاندىن تامىزىڭ قەترەئى مۇختارسىز.

4. تاپمادىم بىردەم خۇمار ئولماي مەيى ساغەرنىكىم،
كىم دەۋا تاپغاي ۋىسال ئىستەپكى دەردى يارسىز.

5. زەھرى ھىجران تاتمايىن كىم تاپقۇسى تەرياكى ۋەسل،
قايسى گۇلشەندە كۆرۈپدۇر كىم گۇلنى خارسىز.

6. ئۇستۇۋار ئېرمەس جەھان رەئناسىدىن ئۈزگىل ئۇمىد،
مەرھەمى يوق نىشىزكىم ئىشرەتى ئازارسىز.

7. ۋەسل ئارا يار① زۇلفىنى بوينۇمغە دەپ، ئەي بىخىرەد،
كىم كىرۇر بۇتخانەگە سەندەك يەنە زۇننارسىز؟

8. يىغلابان يارىمغە ئەھۋالىمنى ئىئلام ئەيلەسەم،
خەندە ئەيلەر، دەر زۇھۇرى: خۇشما بىر دىلدارسىز.



① بۇ سۆز قول يازمىدا « يارىمغە » دەپ يېزىلغان، مەزمۇن ھەمدە ۋەزىن تەلىپى بىلەن « يار» دەپ ئېلىندى.

## 34

1. ئەژدەھا كامىدا بولغاچ لەئىلدەك پەيمانەمىز،
مىھنەت ئوتى بىرلە ياروغ بولدى بۇ مەيخانەمىز.
2. ئۆچتى ئەشكىم دانەسىنى سۇ كۆرۈپ شەھبازلار،
ۋەھكى تالىئ يوقىدىن سۇغا ئاقىپ دۇر دانەمىز.
3. ئوتغە تۈشتى ئويناي-ئويناي تىفل① يەگلىغ بۇ كۆڭۈل،
ئىشق ئوتىدىن بولدى گويا جىسمى ئاتەشخانەمىز.
4. بولغالى دىۋانە كۆڭلۈم جىسىم زەنجىرىغە بەند،
بەندىدىن ئازاد ئولۇپ ھۇشياردۇر دىۋانەمىز.
5. جان فىدا ئىستەپ ۋىسالىدىن تەمەئ تۇتسام ماڭا
ھەجر ئوتى سالدى چىلمىدەك باشىمە جانانەمىز.
6. كۆيدۈرۈپ كۆزنى كۆرۈنمەي بەزم ئارا ئول شەمئ ھۆسن،
نې قارا كۆنلەرنى يارۇتتى كۆيۈپ پەرۋانەمىز.
7. ۋەسلىگە يەتكەندە شۇكر ئەتسەم نېدۇر ھىجران غەمى،
ئۆكسۈك ئولغاندەك مەگەر ۋەسلىدە بۇ شۇكرانەمىز.
8. ئىستەسەم (مەن ۋەسلىنى) پىگانە بول مەنىسىز دېدى،
ئۆزدە يوقتۇر ئاشنامىز ئۆز ئارا بىگانەمىز.
9. ئەي زوھورى ۋەسلىغە يەتكەندە ھەر كۈن شۇكر قىل،
ئەل قۇلاقىغە يېتىشمەسدىن بۇرۇن ئەفسانەمىز.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «تەبل» دەپ يېزىلغان، مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن «تىفل» دەپ ئېلىندى.

## 35

1. ئىشق ئوتى تۇشكەچكە بۇ كۆڭلۈمنى قىلدى شۇئلەخىز،
ئەيلەدى غەم شامىدا ئاھىم يېلى بۇ ئوتنى تېز.
2. ئىشق (ئوتى) كۆيدۈرسە، ھەريان سەرسەرى ساۋرۇپ ① كۈلۈم،
بولماغاي ئىشق ئەھلىغە مۇنداغ نەسىمى مۇشكبىز.
3. كۆزلەسەم مەن ۋەسل باغىنىڭ بەھارىدىن نەسىم،
تەگدى ئۇمرۇم شاخىغە بادى خەزانى بەرگى رىز.
4. ھەر خۇمارى مەندە ئىستەر بادەئى ئىشرەت، ۋەلې
ئىشرەتىمنىڭ ساغەرىن غەم تاشى ئەتمىش رىز-رىز.
5. فىكر قىلماق يوق، ھەبىبا، دەردىمە بولماس دەۋا،
ئاقسا ياشىم دۇررى يۈز سارغارسە ئالتۇندىن ئەزىز.
6. تاپمادى ئىستەپ ھەمە ئالەمدە بۇ جانىم قۇشى،
ھۇسن باغىدا ئاچىلغان نارى لەئلىدەك مەۋىز.
7. ئىشق ئارا مىرزا زۇھۇرىدىن تاپىپدۇر لەززەتى،
تاپماغاي ئانداقكى مەجنۇن تاكى روزى رۇستەخىز.

① بۇ سۆز قول يازمىدا «سارم» دەپ كۆچۈرۈلگەن.

## 36

1. ماڭا ساغىنماكىم ئول دىلرەبا ئېرۇر مۇنس،
ۋەلى فىراقىدا يۈزمىڭ بەلا ئېرۇر مۇنس.
2. ۋەفالار ئىستەمەگىل چۈنكى ئول قارا كۆزدۇر،
ئاڭا ھەمىشە ئىككى بىۋەفا ئېرۇر مۇنس.
3. ئەجەب ئەمەسكى گەدالارنى يولدا ئىت تاپسا،
گەدالىق ئەڭلىدە بىر مەھلىقا ئېرۇر مۇنس.
4. يۈتۈرمە لەئلىغە دەپ يولنى كۆرمە ئاسانكىم،
قاۋۇرغە ياندا ئىككى ئەژدەھا ئېرۇر مۇنس.
5. گەدايى ئىشق مەنۇ دەرد ئەھلىغە ھەمراھ،
كى تەقۋا تەرك ئېتەيىن گەر سەفا ئېرۇر مۇنس.
6. مېنى تەرىقىگە تەكلىق قىلما، ئەي زاھىد،
نېدىن زەمىندە يۈزمىڭ رىيا ئېرۇر مۇنس.
7. كېتىپدۇ سەنئەت (ئارا) نەۋائىنى تاپماي،
زۇھۇرى يىغلاسا ساڭا نەۋا ئېرۇر مۇنس.



## 37

1. تىرە شام ھىجرىندەدۇركىم ئىنتىھا پەيدا ئەمەس،
تىرەلىك ئاھىم ئىسىدىن بۇترامىش يەلدا ئەمەس.
2. زەئفەران يەڭلىغ يۈزۈم ئۆزرە ياشىمدۇر لالەرەڭ①،
ئىككى رەڭلىك باغ ئاراسىدا گۈلى رەئنا ئەمەس.
3. ئىشق ناتەئيىن ئارا مەئشۇقۇ ئاشىق ھەم ئۆزى،
بارىنى② فاش ئەيلەگەن مەجنۇنۇ يا لەيلا ئەمەس.
4. نازەنىنىم يۈز كۆرۈرگە ئىككى ئايىنە ئېتىپ،
جىلۋە قىلمىش يا نىيازۇ نازۇ ئىستىغنا ئەمەس.
5. يارنىڭ پەرتەۋسىدىنكىم گۈلگە تۈشكەچ شەممەئى،
نېچە بۇلبۇل چەرخ ئۇرۇر مەندەككى بىر سەۋدا ئەمەس.
6. كىمكى مەجنۇن دەپ مېنى ئەيلەر تەمەسخۇر ساق ئولۇپ،
فەھم ئولۇر يارى پەرى پەيكەر مەلەك سىيما ئەمەس.
7. ئىلتىماس ئەيلەپ نەۋائىدىن زۇھۇرى تۇتماسام،
سۇنبۇلىن لەيلى ئاچىپدۇر يەل ئەبىرئاسا ئەمەس③.

① بۇ مىسرا قول يازمىدا «زەئفەران يەڭلىغ ياشىم ئۆزرە يۈزۈمدۇر لالەرەڭ» دەپ يېزىلغان، مەنتىقى ئۇيغۇنلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى.

② بۇ سۆز قول يازمىدا «بار ئەيلەدى» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «بارىنى» دەپ ئېلىندى.

③ بۇ مىسرا ئەلشىر نەۋائىنىڭ.

## 38

1. چەرخدۇر جامى نىگۇنلۇك ئاندا مەي دەركار ئەمەس،
كىمكى ئىشرەت ئىستەر (ئۆلكى) ۋاقىفى ئەسرار ئەمەس.
2. مەردى جاھىل دەۋلەتى دۇنيا ئۈچۈن مەغرۇر ئىمىش،
تەبل يەگلىغ كۆرسە شەتسوق دەر سىمىز بىمار ئەمەس①.
3. بۇ جەھاندۇر بارچەنىڭ كۆڭلىن ئالۇر، قىلماس ۋەفا،
غەم يېگىل غەمخار ئۈچۈن دۇنيا ساڭا غەمخار ئەمەس.
4. يوقتۇر شاخى مىۋە دارۇلچىن، بەلالار تاشىدىن
سەرۋىدەك ئازاد ئۇلۇر نەخلىكى مىۋەدار ئەمەس.
5. يول تولا تارۇ قاراڭغۇ راھزەن ئەيلەپ كەمىن،
يولچىسىز ئول يولغە كىرمەكلىككە ئىمكان بار ئەمەس.
6. ياخشى ئۆسكىل باغبان كەسسە ئۈلايدۇ قىپچەدەك،
بۇ كېسلمەكدىن ئۈلانماقدۇر غەرەز ئازار ئەمەس.
7. ھەر كىشى بولسا زۇھۇرىدەك تىھى مەندىن يىراق②،
سۇرەتى بىيار بولسە سىيرەتى ئەغيار ئەمەس.

① بۇ مىسرا بۇزۇپ كۆچۈرۈلگەن.

② بۇ مىسرا كاتىپ تەرىپىدىن بۇزۇلغان، قىياسەن توغرىلاندى.

## 39

1. دەۋلەتكىم يارىسىزدۇر مىهنەتىغە ئەرزىمەس،
كىم تىرىكلىك يار دەردى فۇرقەتىغە ئەرزىمەس.
2. نەۋ بەهار ئەييامىدا باغ ئىچرە گۈللار ئاچىلۇر،
كىم خەزان بادى ساچۇرنىڭ هەسرەتىغە ئەرزىمەس.
3. گەر بولۇپ قارون كەبى ئالەمدە ئىشرەت ئەيلەسەڭ،
بارچەدىن ئايرۇر ئەجەلنىڭ شىددەتىغە ئەرزىمەس.
4. بەزم ئارا گەر بادەئى ئىشرەت ئىچىپ قىلساڭ تەرەب،
نىچە كۈن بولغان خۇمارى نەكهەتىغە ئەرزىمەس.
5. تەرك ئىتىپ ئىككى جەهان، ئۈز جۇملە يارىڭدىن ئۇمىد،
كىم فەنا دەيرىغەكىم، بىر ئۈزلەتىغە ئەرزىمەس.
6. زاهىدا كىم تەلبەرابدۇر دەپ مىنى كۆپ قىلما ئەيب،
نىچە ساق ئولساڭ جۇنۇنۇم هالەتىغە ئەرزىمەس.
7. جەهد ئەيلەپ مىر نەۋائىدىن (زۇهۇرى) تۇت ئۇمىد،
گۈلشەنى ئەخبارى خارى مىهنەتىغە ئەرزىمەس.



## 40

1. ياشمدۇر زەئفەران ئۆززە ساچىلغان ژالە لەر ① ئېرمەس،
يۈرەك قانىم تۇرۇر ھەجرىدە تۆككەن لالە لەر ئېرمەس.
2. كىرىپتۇر ھۇسن خىرگاھىغە ئىستىغنا بىلە يارىم،
زىمىستاندا قەمەرنى قورشاغان ئول ھالە لەر ئېرمەس.
3. سەمەندى ناز ئۆزە ئول كافىرىم باشىدا تىنرەتكەن،
شەھىد ئەتكەنلەرىن جان رىشتەسىدۇر جالەلەر ئېرمەس.
4. لەبى لەئلىغە يەتكەندە بۇ تەشنەكىم شىمىپ لەئلىن،
مۇكەررەر سۆيمەكىدىن رەشھەئى بۇتخانەلەر ئېرمەس.
5. مەگەر قازىيۇ مۇفتى مەنئ ئېتۇر ئول ھالەتىڭنىكىم،
بىرى غولۇ بىرى شەيتاندۇر ئول دەللالەلەر ئېرمەس.
6. كۆرۈرسەن دەير ئارا مۇغبەچەلەردىنكىم تەلەبى جان،
بەلاكەشلەرغە دەيرى پىرى دۇر ئول بالەلەر ئېرمەس.
7. ئىنانىما②، ئەي زۇھۇرى، زاھىدۇ ئابىدكى قان يىغلار،
تۆكەر قانىڭغە رەمزىدۇر جىگەر پەرگالەلەر ئېرمەس.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «لالەلەر» دەپ يېزىلغان، «ژالەلەر» دەپ تۈزىتىلدى.
② بۇ سۆز قول يازمىدا «ئىنانماي» دەپ يېزىلغان.

# 41

1. يارىم خەيالى ئەگەر قىلسە جىلۋەئى تاۋۇس،
ماڭا ئۇشۇل كۈن ئېرۇر ئۇڭچە رەۋزەئى فىردۇس.
2. باشىم قويۇپ قەدەمىغە يولىدا جان بەرسەم،
بۇ بەختىم ھەسرەتىدە كەتكەي ئۆمرى كەيكاۋۇس.
3. كىرپىكى دەيرگە مۇغبەچەدىن ئالىپ مۇژدە،
ھەمىشە ئىشقى جۇنۇن نەۋبەتىگە ئۇرغۇم كۇس.
4. خەيالىم نەۋبەتىگە ئەيلەكىم كۆڭۈل خاشاك،
ھەقاكى دەفئىغە پىرى مۇغانىم ئەتتى كۇنۇس.
5. رەم ئەتتى مۇددەتى شەھبازىم ئەل مەلامەتىدىن،
كى ۋەسل رەمزەسىدىن ئۆزنى ئەيلەمە مەئيۇس.
6. نېچەكى ھەجر بەلىيياتىدىن زەئىف ئۇلساڭ،
تۇتاي كۆڭۈلدە نىھان ئەمدى جان قىلسا جۇلۇس.
7. بۇ كۈن بۇ يولنى قويۇپ كىرمە خانىقاھلارغە،
كى تاڭلا زىكرىڭ ئۇلۇر يۈز دەرىغۇ مىڭ ئەفسۇس.
8. جۇنۇنلۇغۇم ئارا ھۇشيارلاردىن ئەتتىم ئار،
نېدىنكى دەيرى فەنا ئىچرە نەڭ ئېرۇر نامۇس.
9. زۇھۇرى ھالەتىدىن قەيس شەممەئى بىلگەچ،
جۇنۇنۇەش ئەتتى ئۆزىن دەشت ئارا قىلىپ سالۇس.

## 42

1. نازىنىنىمكىم پەرىۋەش خەلق ئارا پەيدا ئەمەس،
جىلۋەسىدىن بىخەبەردۇر كىمكى بىپەرۋا ئەمەس.

2. گەر فەنا دەيرىگە جۇن كۆڭلۈك خەرىدار بولماسۇن،
بەل نىھان تۇت، فەھم ئەقل ئۇل دەير ئارا دانا ئەمەس.

3. بۇ جەھان تەركىن تۇتۇپ يار ئىستەگىل يوقلۇق ئارا،
تۇتما كۆز جەننەت سارى يارسىم گۈلى رەئنا ئەمەس.

4. ساف تۇت كۆڭلۈك كۆرۈرسەن باغ ئارا بىر دەستە گۇل،
يا گۈلى فىردەۋس ئەمەس، يا جەننەتۇلمەئۋا ئەمەس.

5. ساف ئىنەي كۆڭلۈم يۈزى ئەكسىنى سالغايسەنمۇ دەپ،
ئۆزگە كۆزگۈ راست ئىتۈرگە مەن سىكەندەرسا ئەمەس.

6. يەرۇ كۆك ئىستەپ كويۇڭدا گەرچە سەرۋەردان① ئىرۇر،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى مەندەك جەھان پەيما ئەمەس.

7. بۇ زۇھۇرى نىچەكىم دىۋانەلىك قىلسا زۇھۇر،
كۆرگەن ئەلدىن بارمۇ بىر ئالەمدە پۇر سەۋدا ئەمەس؟



① «سەرۋەردان» — «سەرگەردان» بولسا كېرەك، كاتىپنىڭ بۇ سۆزنى نىمە ئۈچۈن بۇنداق يازغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

## 43

1. نى ئۇچۇن يارىم مېنى سىررىغە مەھرەم ئەيلەمەس،
ھەجرىدە قان يۇتتۇرۇپ ۋەسلىدە خۇررەم ئەيلەمەس؟
2. نە يلەيىن ئىستەپ ۋەفا كويىدا سەرۋەردان ① بولۇپ ②،
بىۋەفالىغ كۆزگەزىپ ھەرگىز (جەفا) كەم ئەيلەمەس.
3. ھۇسن شاھى دەرگەھىدە نېچە شەيىئ لىللاھ دېسەم،
ئول كەرەمدىن مۇستەھىق سايىلنى بىغەم ئەيلەمەس.
4. يارغە جانىم فىدا ئەيلەردە ئانداق چۇست مەن،
بەزل ئېچىدە مەن كەبى خەلق ئېچرە ھاتەم ئەيلەمەس.
5. ھەجر تىغى بىرلە باغرىم چۇنكى دايىم رىشدۇر،
بىر نەزەر ئەيلەپ تەرەھھۇم بىرلە مەرھەم ئەيلەمەس.
6. ئىشۋەكىم يارىمنى ئەيلەپ نە پەرى، ھۇرۇ مەلەك،
شىيۋەئىكىم ئول قىلۇر فەرزەندى ئادەم ئەيلەمەس.
7. تىرگۈزۈر لەئلى، زۇھۇرى، بولسا يۈز يىلغى ئۆلۈك،
چەشمەئى خىزرى دەمى ئىساۋۇ مەريەم ئەيلەمەس.



① «سەرۋەردان» — «سەرگەردان» بولسا كېرەك.
② بۇ سۆز قول يازمىدا «ئەمەس» دەپ يېزىلغان.

# 44

1. ھەر تەرەف يۈز ئۈزگەلى، ئەي مەنسزىم، سەنسز ئەمەس①،
قاي سارى سەير ئەيلەسەم مەسكەنسزىم مەنسز ئەمەس.
2. باغۇ گۈلشەن تەركىن ئەيلەپ سەير قىلسام دەشت ئارا،
گۈل يۈزى يادىدا كۆڭلۈم باغۇ گۈلشەنسز ئەمەس.
3. تەرك ئېتىپ دۇنيانى، تەرك ئەيلەي قەلەندەر تەركىنى،
ئوقغە ئۇترۇ تۇرسە بولۇر ئۆلكى جەۋشەنسز ئەمەس.
4. ئىشق دەردىبۇ بەلا سەردارى كەلسە فەقر ئېلى،
جانۇ تەن ئەيلەر فەنا گەر جانسزۇ تەنسز ئەمەس.
5. ئىشق فەقرىدە نىدا قىلسە مۇنادىي ھەر كىشى،
بىلمەگەي ئارىفنىڭ ئەسرارى مەنۇ سەنسز ئەمەس.
6. ئۆزگەگە سالدىڭ نەزەر مەن رەشكدىن كۆيدۈم تەمام،
نېچەكىم سەن مەنسز ئۇلساڭ ئانچە مەن سەنسز ئەمەس.
7. تەلبەلەردەك كو بەكو بىھۇدەگويلۇق تەرك ئېتىپ،
ئەي زۇھۇرى، سەن ئانىڭ بىرلەن بول، ئۇل سەنسز ئەمەس.

---

① بۇ سۆز بىرىكمىسى قول يازمىدا «مەنسز ئەمەس» دەپ يېزىلغان.

## 45

1. ۋەفاسىز باغرى تاشىمغا مېنىڭ ئاھىم ئەسەر قىلماس،
كۆزۈم تەلمۈرسە يولىدا تەرەھھۇمدىن نەزەر قىلماس.
2. فىراقىدا يۈرەكىم (قان) يۇتۇپ دەرد ئەيلەدى خەفقان،
نېچە قانىم ساچۇر ھەجرىدە ئول دىلبەر زەرەر قىلماس.
3. كېيىپ گۇلگۇن ئېگىن بەدنام ئېتىپدۇر ئۆزنى قاتىلۋەش،
قىلۇر يۈز خىلئەتىن گۇلگۇن ۋەلې خۇنى جىگەر قىلماس.
4. باشىم (نى) تىغى ئاستىدا قويۇپ يۈز ئىلتىجا قىلسام،
قەبۇلىمنى بۇ يۈزدىن بىر قىلۇر يارىم ئەگەر قىلماس.
5. جۇنۇن كۆرگەچ مېنى بۇ ئىشق دەشتىدە پەرىزادىم،
نې جىلۋە قىلمىش ئانداق نې پەرى ھۇرۇ بەشەر قىلماس.
6. گەھى يارىم كېلۇر خىلۋەت تۇتۇپ ھەم جانى ئىنسانىدىن،
نې جانىمنى قىلۇر ۋاقىف نە كۆڭلۈمگە خەبەر قىلماس.
7. ئەگەر يارىم زۇھۇرىنى نېچە ھىجران ئارا تاشلار،
ئۆزى ئىشكىندە سەرگەردان قىلۇر چۇن دەر بەدەر قىلماس.

## 46

1. چابۇكىم قەتل ئەيلەمەكنى ئەمدى ئايىن ئەيلەمىش،
تىز ئەيلەرگە قىلىچىن زەھرگۇن قىن ئەيلەمىش.
2. ئىلكىنى گۇلرەڭ ئېتىپتۇر خىلئەتىن ئەيلەپ قىزىل،
ئول ھىنا ئېرمەس مېنىڭ قانىمغە رەڭگىن ئەيلەمىش.
3. خالىنى① جانىم قۇشىغە دانە، زۇلفىن دام ئېتىپ،
ئىشق ئېلىن بەند ئەتكەلى يايىنى② چىن-چىن ئەيلەمىش.
4. ساقىياكىم بادەئى مۇشكىننى كەلتۇر بەزم ئارا،
زۇلفى ياپقاچ ئارەزىن كۆڭلۈمنى غەمگىن ئەيلەمىش.
5. زۇلفۇ خالۇ ئارەزى پەرتەۋسى تۈشكەچ دىن ئارا،
بىرنى گەبرو بىرنى تەرسا، بىرنى مۇئمىن ئەيلەمىش.
6. كۆڭلۈم ئىچرە ھەرنە سىررىم ئەلگە فاش ئولسە نې تاڭ،
ئول پەرىزادىم مېنىڭ سىينەمنى ئابگىن ئەيلەمىش.
7. نەزمىم ئىچرە سەنئەتىم يوق دەپ، زۇھۇرى، غەم يېمە،
مەزھەرۇددىن كۆرگەچ ئول نەزمەڭنى، تەھسىن ئەيلەمىش.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «خەيالنى» دەپ كۆچۈرۈلگەن.

② بۇ سۆز قول يازمىدا «يارىنى» دەپ كۆچۈرۈلگەن.

## 47

1. سەرۋ ئۆزە لالە ئىكى ياندا ئىلان چىرماشمىش،
قاشىدا يامۇ قىلىچ ئىككى ئاگا يانداشمىش.
2. بەئزىلەر ئاشىق ئولۇر غۇنچە دەھانىن كۆرۈپ،
لالەسى يادى بىلە كۆزلەرى قان باغلاشمىش.
3. دىمە گىل باغ ئارا نەرگىس ئۆزرە تۇشمىش شەبنەم،
سەرۋى قەد نەرگىسىنىڭ ھەسرەتىدىن يىغلاشمىش.
4. جان بىرۇر لەئلى لەبى خىجلەتىدىن ئابىھەيات،
زۇلۇمات ئىچرە نىھان ئىسا فەلەكدىن ئاشمىش.
5. بەئزى گۇل بۇسى بىلە، بەئزى مۇھەببەت مەيدىن ①،
مەست دىۋانە زۇھۇرى بۇ جەھاندىن قاچمىش.

① بۇ سۆز قول يازمىدا «مەندىن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

## 48

1. ئەي دەرىغا! ئۆمرلەر غەفلەتدە ئۆتتى يازۇ قىش،
يازۇقۇم كۆپدۇر ۋە لېكىن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش.

2. كىرمەدىم دەيرى فەناغە ئىستەبان كەھفى بەقا،
نە بولۇپ ئىت تاپمادىم كەھف ئەھلى سارى پەرۋەرىش.

3. نە ئېتىپ ئىلم ئەھلى بىرلە بىر نەفەس دەمسازلىغ،
جەھل ئېلىگە بىر نەفەس تەرك ئەتمەدىم بارىش-كېلىش.

4. قىلمادىم ئانداغ بىر ئىشكىم تاپقۇم ئاندىن ئافىيەت،
ئالەمى فانى ئىشدىن تاپمادىم بىردەم تىنىش.

5. ئوق كەبى پەرران ئۆتەر ئۇمرۇمنى بىلدىم گوييا،
يا كەبى قەددىم ئېگىلگەندە ھاسا بولمىش كىرىش.

6. چۇن تۈگەتتىم خەرج① ئېتىپ ئۇمرى ئەزىزىم نەقدىنى،
ھىرسۇ ئارزۇ جۇرمۇ ئىسياندىن تولا بولدى كىرىش.

7. رەھمەتىڭ دەرياسى بىھەددۇ نىھايەت، يا رەھىم،
مۇستەھىق ئەفۋىڭغە مەندەك ھېچ ئاسى كەلمەمىش.

8 قاف تاغىدىن ئاغىر بولسە گۇناھىم، يا كەرىم،
ئەفۋىڭىز دەرياسىغە خەس يەڭلىغ ئاسان ئۆتكەرىش.

9. بولما نەۋمىد ئەي زۇھۇرى كۇفردۇر نەۋمىدلىغ،
جان بىلە «لاتەقنەتۇمىن رەھمەتىللا» نى ئېرىش.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «چەرخ» دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن.

## 49

1. ئەي، تىيرى بارانى غەمنىڭ كۆڭلۈمنى پۇر خۇن ئەيلەمىش،
ياشىمنى بەھرەين ئەيلەگەچ رەڭگىمى ① گۈلگۈن ئەيلەمىش.
2. بولمىش ئەزەلدە قىسمەتىم زەھرى فىراقىڭدىن نەسىب،
ئىچكەچ كۆڭۈلدە جۇش ئۇرۇپ دەردىڭنى ئەفسۇن ئەيلەمىش.
3. كەلدى نىشاتىم دەردىدىن ئىچۈن فەنا تۇفراغىغە،
غەم يامغۇرىنى ياغىزىپ جىسمىمنى مەمنۇن ئەيلەمىش.
4. ھۇببۇلۋەتەن دەپ كۆڭلۈمە دەردۇ ئەلەم كەلسە نى تاڭ،
غەم لەشكەرى سەردارىغە سىينەمنى مەئمۇن ئەيلەمىش.
5. ئىشقىڭ مەنى بىچارەنى ھەجرىڭدە سەرگەردان قىلىپ،
ۋەسلىڭ تەمەنناسى بىلە جانىمنى مەرھۇن ئەيلەمىش.
6. بۇ دەردۇ مىھنەتنى بەسى كۆردۈم بەلايى ئىشق ئارا،
بىر-بىردىن ئارتۇق دەم بەدەم كۆڭلۈمنى مەھزۇن ئەيلەمىش.
7. بۇ تەلبە كۆڭلۈمدۇر زەنەخدانىڭدا ھەبس ئولغان كەبى،
ئانداقكى ھەريان فەرتىدىن مىسرىدا زۇننۇن ئەيلەمىش.
8. كۆڭلۈم قۇشى فەرياد ئېتۇر زۇلفۇڭنى كۆرگەچ ناگەھان،
بىر ئەژدەھاسى گوييا مۇرغىغە ② ئەفسۇن ئەيلەمىش.
9. تاڭ يوق زۇھۇرىنى كۆزىنىڭ ئىشۋەسى مەست ئەيلەسە،
بۇ ئىشق سەھراسىدا يۈز مەندەكنى مەجنۇن ئەيلەمىش.

① بۇ سۆز قولیازمىدا «رەڭگىنى» دەپ يېزىلىپ قالغان.

② قول يازمىدا بۇ سۆز «مۇرىغە» دەپ يېزىلغان، مەزمۇن تەلەپى بىلەن «مۇرغىغە». دەپ ئېلىندى.

## 50

1. يوق ھۇشۇم كۆڭلۈم جۇنۇن سەھراسىدا چالاك ئىمىش،
ھەمدۇ لىللاھ ماسىۋەللاھدىن خەيالىم پاك ئىمىش.
2. تەلبە كۆڭلۈمنىڭ جۇنۇنلۇق ئىچرە ئانچە لافى بار،
ئىشق دىۋانىدا مەجنۇن تىفلى بىئىدراك ئىمىش.
3. مۇغ كەبى جۇش ئەيلەسەم ۋەھ سۇبھىدە يوقتۇر ئەجەپ،
كۆڭلۈمە تۈشكەن ئانىڭ رۇخسارى ئاتەشناك ئىمىش.
4. مەھۋەشىم ئىشقىدا كەزدىم ھەجر سەھراسىن تولا،
دىمەگىز سەرگەشتە قىلغان-ئەنجۇمى ئەفلاك ئىمىش.
5. بىر ئوتىكىم تۈشتى كۆڭلۈم ئىچرە ھەددۇ سانى يوق،
بۇ توقۇز ئەفلاك ئانىڭ ئالىدا بىر خاشاك ئىمىش.
6. ساقىيا، قىلساڭ تەرەھھۇم زەھر ئىلە بىر كاسە تۇت،
بۇ دەۋاسىز دەردىمە زەھر ئىچمەكىم تەرياك ئىمىش.
7. شايەد ئەتكەي مىھرىم ئول ئۇممىد بۇرجىدىن① تولۇئ،
دەپ ھەمىشە سۇبھى يەڭلىغ كۆكرەكىم يۈز چاك ئىمىش.
8. يارسىز بىردەم زۇھۇرى جانىدىن كەچسە نې تاڭ،
كىمكى جان ئوينار باشىنىڭ مەسكەنى فىتراك ئىمىش.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «چىدىن» دەپ چالا كۆچۈرۈلگەن.

## 51

1. تاپمادىم جانىم بېرىپ، ۋەھ، دەردى ھىجراندىن خەلاس،
بولمادى كۆڭلۈم داغى زۇلفى پەرىشاندىن خەلاس.

2. جانۇ تەن ئازۇردە بولدى ھەجر دەردىدىن تولا،
جاننى① ھىجراندىن خەلاس ئەت، يا مېنى جاندىن خەلاس.

3. بەھرى غەم غەرق ئەيلەسە، بار دەير پىرى ئايلىغە،
نۇھسىز بولماق پەسى مۇشكىل بۇ تۇفاندىن خەلاس.

4. تەلبە باشىمغا فەلەك غەم تاشى ياغدۇرسە نې تاڭ،
ھىچ دىۋانە بولۇرمۇ سەنگباراندىن خەلاس.

5. غەبغەبىڭ چاھىدا گەر قالسە زۇھۇرى غەم يېمە،
ۋەھ قاچان بولمىش جۇنۇن ئەھلى بۇ زىنداندىن خەلاس.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «جاندىن» دەپ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

## 52

1. مەي مېنى قىلدى خۇمارۇ مۇبتەلالىقدىن خەلاس،
كەيفى بىخۇد ئەيلەگەچ ھەم خۇدنەمالىقدىن خەلاس.
2. ھەمدۇلىللاھ قاچتى مەندىن مەست كۆرگەچ زۇھد ئېلى،
بولماس ئېردىم جەھد ئېتىپ كۆپ ئاشنالىقدىن خەلاس.
3. تاكى مەسجىد تەرك ئېتىپ مەيخانە سارى بارغالى
شۇكرىكىم تاپتىم رىيايى پارسالىقدىن خەلاس.
4. دەير پىرى ئىلكىدىن تاتماس كىشكىم جۇرئەئى،
ئۇلماغاي ئۆزلۈك بىلە فەقرۇ فەنالىقدىن خەلاس.
5. ساقىيا، بىمۇزدە قالدىم، ۋەھ، خۇمارى ھەجر ئارا،
قىلغاسەن بىر جۇرئە بىرلە بۇ ئارالىقدىن خەلاس.
6. مەزھەرى، گەر دەير ئارا تۇتساق ئىكەۋلەن بىر ھەۋا،
بولغابىز نەفسى ھەۋا روييۇ رىيالىقدىن خەلاس.
7. مىر نەۋائى بىرلە جامىيدىن، زۇھۇرى، تۇت ئۇمىد،
قىلغۇسى بىر جام بىرلە بىنەۋالىقدىن خەلاس.

## 53

1. ئىشق مېنى ئەيلەدى نەگۇ ھەيادىن خەلاس،
تەلبەراتىپ خەلق ئارا تەلبە گەدادىن خەلاس.

2. ئىشق ئارا خامدۇر(ۇر) ئەتسە كىشى نامۇ نەڭ،
كىم تىلەسە ھەجر ئارا رەنجۇ ئەنادىن خەلاس.

3. ئاشق ئېسەڭ كۆپ چەككىل جەفا تۇت كۆز جەفا،
گەرچە قارا كۆزلۈكۈڭ بولسا ۋەفادىن خەلاس.

4. ئىشقكى بىرەڭدۇرۇر رەڭپەزىر ئولماغىل (ھەرگىز)،
فەقر لىباسىنى كەي ئاقۇ قارادىن (بول) خەلاس.

5. ئىشق مەرىزىغە گەر قىلسە فىلاتۇن ئىلاج،
مىڭدە بىرى بولماغاي ئەسرۇ دەۋادىن خەلاس.

6. زۇھد ئېلىدىن قاچان تائەتى بولغاي قەبۇل،
كۆڭلى ئانىڭ بولماسا ئۇجبۇ رىيادىن خەلاس.

7. تاپتى زۇھۇرى نەۋائىدىن ئېتىپ ئىلتىماس،
ئىشق يولىغە كىرىپ نەفس ھەۋادىن خەلاس.



## 54

1. ئەي سەبا، هالىمنى قىل سەرۋى خىرامانىمغە ئەرز،
هەجر ئارا جان چەككەنىمنى ئەيلە جانانىمغە ئەرز.

2. زۇلفىنىڭ هەر تارى ئىمانىمنى بەرباد ئەيلەگەن،
كەتسە دىن پەرۋاسى يوق ئۇل نامۇسۇلمانىمغە ئەرز.

3. كەتتى جانىم ۋەئدەئى ۋەسلىغە يەتمەي، ئەي سەبا،
قىلغاسەن تاپساڭ (ئەگەر) ئۇل ئەهدى يالغانىمغا ئەرز.

4. هەر كېچە بىدار ئۇلۇپ هەجرىدە زار ئەتكەنلەرىن،
ئەيلەسەڭ نېتكەي① مېنىڭ بىباك جانانىمغە ئەرز.

5. ئەرز قىلساڭ قىل، سەبا، گەر قىلماساڭ يوقدۇر غەمىم،
هاجەت ئېرمەس كاشفى ئەسرارى پىنهانىمغە ئەرز.

6. ئاشكاراۋۇ نىهان هەر نەۋئ تىل بىرلە دېگۈم،
نېچە مۇڭ كەلسە باشىمغە ئۇل سۇخەندانىمغە ئەرز.

7. جانۇ دىل يىغلاپ زۇهۇرى هالىنى ئەتتى بەيان،
رەهم ئېتىپ قىلغىل، سەبا، ئۇل لەئلى خەندانىمغە ئەرز.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «نېتەي» دەپ يېزىلغان.

## 55

1. ئىستەمەك ۋەسلىڭدىن ئۇل لەئلى شەكەر بارىڭغە ئەرز،
سۇبھىلەر كۆز تۇتماغىمدىن مىھرى رۇخسارىڭغە ئەرز.
2. ئايىنە رەۋزەن قىلىپتۇرمەن ئۆيۈم دىۋارىغە،
كۆرگەمەن دەپ چېھرە ئەكسىدىن نەمۇدارىڭغە ئەرز.
3. ياخشى-ياخشى خۇي بىلە ئالدىڭ چۇ كۆڭلۈم كىشۋەرىن،
مەن يامان كۆڭلۈم بېرۇرگە ياخشى كىردارىڭغە ئەرز.
4. ئەي كۆڭۈل، غەم لايىغە پاتساڭ تاغى مىڭ شۇكرى قىل،
كەلدى بۇ يارى بەلادىن جىسمى ئەفگارىڭغە ئەرز.
5. يوق ئەجەب گەر چېھرەئى زەردىم ياشۇرسە كاسەئى،
دەھر ئارا يوقتۇر ماڭا جۇز دەردۇ ئازارىڭغە ئەرز.
6. ھەر كىشى بىر ئىشدە ئۆز مەتلۇبىغە مايىل بولۇر،
بۇ زۇھۇرى خەستەگە قىلجۇملە دىيدارىڭغە ئەرز.



## 56

1. بولدى جانىمغه ۋىسالىڭدىن خەبەر ئاسار فەيز،
تاپتى كۆڭلۈمنىڭ ئۈتى يادىڭ بىلە ئەنۋار فەيز.
2. مۇژدەئى كەلگەچ بۇ شامى غەمدە ۋەسلىڭ سۇبھىدىن،
تاپتى مەھزۇن خاتىرىم بۇ مۇژدەدىن ئىزھار فەيز.
3. فەيزلەر يەتسە ساڭا سەنسىز ماڭا مەقسۇد ئەمەس،
گەرچە ئايتۇر زۇھد ئەھلى ھەردەم ماڭا ئەسرار فەيز.
4. ئەيلەسە رەھم ئىبتىلاسىدە ماڭا فەييازى رەھم،
نېچە ناقابىل ئىسەمكىم قىلغۇسى ئىنكار فەيز.
5. گەر خەزانى ھەجر ئارا تۇتسام بەھارىدىن ئۈمىد،
يۈز گۈل ئاچىلسا نې تاڭ يەتكۈرسە گۈل رۇخسار فەيز.
6. گۇڭگۇ لالۇ ۋەسلىدە گەر ئىستەسەڭ تاپماق فۇتۇھ،
گەر سۆزىدىن يەتمەسە يەتكەي ئۆزىدىن بار فەيز.
7. ئەي زۇھۇرى، دەير پىرىدىن نەسىھەت ئاڭلاغىل،
يەتكۈرۈر ھەردەم ساڭا ئول [لەئلى] شەككەر بار فەيز.



# 57

1. بۇ تۇرۇر [مىھمان سەرا]، ئۆتكۈنچە قىل كۆپ ئىھتىيات،
ئۆتكەرۇر ھەردەم ياڭى مىھماننى بۇ ئەسكى رەبات.
2. تىغل① يەڭلىغ گۈنبەز ئەيلەپ قۇم بىلە تۇفراقىدىن،
بارمۇدۇر ئاندا سەباتى ئەتكەلى ئەيشۇ نەشات.
3. مەستلەردەك زەۋق جامىدىن ئىچىپ قىلما سۇرۇر،
يۈزغەمى ئەندۇھ ئىرۇركىم قىلسا تۇشدە ئىنبىسات.
4. دەم غەنىمەتتۇر بۇ كۈن بىر دەمنى زايىئ ئەيلەمە،
ھەر دەمىڭ [دە] بىر كويى فەقر ئەھلىگە قىل ئىختىلات.
5. مات بولدى بۇ فەلەك شەترەنجىدە شاھۇ گەدا،
دانىشى يۈز سەنچەنى كۆپ ئۆتكۈزۈپدۇر بۇ بىسات.
6. ماسىۋاللاھنىڭ بەقاسى يوقتۇرۇر مەندىن ئىشىت،
ئىستەگىل بىر پىرى كامىل يەتمەسەڭ تۇت ئىرتىبات.
7. يىلۇ ئاي فىسق ئىچرە بولدۇڭ ئەمدى يانغىل ئەي زۇھۇر،
ئەيلەگىل «لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتىللاھ» دىن نەشات.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «تەبل» دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن.

## 58

①..........................................

1. تابى يوقتۇر تىيره كۆڭلۈمنىڭ جەمالىڭ مىهرىغە،
بولدى سۈبھىم شامۇ زۇلفۇڭ بىرلە قىلغاچ ئىختىلات.
2. فۇرقەت ئىچرە سەبرىسىز يەتمەك ۋىسالىڭغە مەھال،
كىم بارۇر ئۇچماقغە دەۋزەخدىن يانا كەچكەي سىرات.
3. فەقر رەختى بىرلە غەم نەقدىنى بەرباد ئەيلگىل②،
تاجۇ زەرنى قوي باشىڭدىن تاپماق ئۇلساڭ بۇ بىسات.
4. قۇرب ئولۇر تەرك ئەيلەسە ئەيىنى ئەقرەب، ئەي كۆڭىل،
بۇ جەھان رەئناسىدىن كىم قىلماس ئولسا ئىھتىيات③.
5. دەم غەنىمەتدۇر زۇھۇرى شۇكرى قىل ھەر ھالغە،
ئۆتكەرىپ كۆپ سەنچەلەرنى، قالغۇسى ئەسكى رەبات.



① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى كۆچۈرۈلمىگەن.
② بۇ سۆز قول يازمىدا «ئېتۇر» دەپ يېزىلغان.
③ بۇ سۆز ئەسلىدە «ئىمتىلات» شەكلىدە يېزىلغان، «ئىھتىيات» دەپ ئېلىندى.

# 59

1. ۋەززۇھا تەفسىرىن ئەتكەن ئارەزىڭ گىردىدە خەت،
خەت ئۈزە تۈشكەن مۇمەييىز خالى مۇشكىنىڭ نۇقەت.
2. ئەنبەرىن زۇلفۇڭ سەۋادىدىن تۈشۈپدۇر ئايەتى،
ئىشق ئەھلى مىئراجىغە «ۋەللەيل ئىزا يەغشا» فەقەت.
3. قامەتىڭ مەسكەن تۇتۇپ ساكىن بولۇپتۇر خار ئارا،
ئاڭلامىش بۇ رەمزىنى «خەيرۇلئۇمۇرۇ فىلۋەسەت».
4. خەتتى خالىڭدىن مۇنەۋۋەردۇر كۆزۈمنىڭ مەردۇمى،
رەۋشەن ئەيلەر كۆزنى ئارى بولسە ياخشى ھۇسنى خەت.
5. راستدۇر زىبا نىھالىڭ جىلۋە قىلسە باغ ئارا،
سەرۋىغە ئازادەلىغ نىسبەت ئېرۇر ئەسرۇ غەلەت.
6. يەتسە گەر سەندىن ماڭا پەيغامنامە، يوق ئەجەب،
كۆز ياشىم بولسە رەۋان مەندىن بۇرۇن ئانداقكى شەت.
7. ئويناي ئالماس، ئەي زۇھۇرى، ئىشق ئەزھەر ئول ئىتەك،
ئەيلەمەس شەھبازدەك پەرۋاز ئۇچۇپ سۇ ئىچرە بەت.



**60**

1. ئاڭلادىم يارلەبىدىن ھەمە شىرىن ئەلفاز،
شىرىن ئەلفازىدا يوق ئېردى بۇ تەھسىن ئەلفاز.
2. ئاتەشىن لەئلى ئۆزە خەتتى خۇشى سەبزەرەڭ،
تۇتى يەڭلىغ ئايتارەم ۋەسفىدە رەڭگىن ئەلفاز.
3. ئىشق پىرى بۇ كېچە ئايدى ماڭا بىر سىررى،
ھېچ ئاشىق ئېشىتىپدۇرمۇ بۇ ئايىن ئەلفاز؟
4. بۇ نىپ ۋابەستەلىك ھەيرەت نىپ غەفلەت دەپ،
سالىبان بوينۇمە قىل، ئەيلەدى چەندان ئەلفاز.
5. شاھ ئىستەر سېنى تەبلىنى قاقىپ، ئەي شاھىن،
ساڭا نە ئېردى بۇ ۋەيراندە دەبان چىن ئەلفاز.
①.........................................



① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقلغان.

## 61

1. ئەيلەدىڭ غەم تىيرى بارانى بىلە كۆكسۇم شىكاف،
رەھم ئېتىپ مىژگان ئوقۇڭغە ئەيلەسەڭ نېتتى غىلاف.
2. چۇستۇ چابۇك قادىرى ئاندا ئېرۇر ئىككى كۆزۈڭ،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئەيلەر زاھىر ئول ئىككى مەساف.
3. كۆز ياشىم دۇر رۇد يەڭلىغ زاھىر ئولماسسەن نېدىن،
تۆشمەگەيمۇ سۇغە يۈز ئەكسى قاچانكىم بولسە ساف.
4. تاغ ئېگىلسە يوق ئەجەب دەردىم يۆكىدىن گەر مېنىڭ،
كۆر ئىگىلگەننىڭ نېچۈكدۇر ئىشقىنىڭ ئاستىدا قاف.
5. ئاشىق ئولدۇم دەپ كىرۇر ئوتغە ئېتىپ بارچە رىيا،
كۆرمەمىش ئىشق ئوتىنى تۆتمىش كېرەك ئانى مەئاف.
6. كىمكى ئاشىق ئولسا دەۋزەخ ئوتىدىن نې باك بار،
ئىشق ئوتى نابۇد ئېتەر دەۋزەخ ئوتىن، يوقتۇر خىلاق.
7. ئەي زۇھۇرى، كەچمەيىن جاندىن دەم ئۇرما ئىشقىدىن،
ۋەرنە دەم ئۇرساڭ رىيائى زۇھد ئىگىدەك بارچە لاف.

## 62

1. كەچتى ئۇمرۇم فسق برله ناموٗسوٗلمانلىقدا هەيف،
ئۆتتى زايئ ۋەقت غەفلەت برله نادانلىقدا هەيق.
2. ئەكسەرى ئۇمرۇم ئۆتوٗپ نەفسوٗ هەۋاۋوٗ هىرس ئىله،
قالغانى سەرف ئولدى ئەندوٗهوٗ پوٗشەيمانلىقدا هەيف.
3. نەپسمە تارتىپ شەمالى [غە] رىيازەت بەرمەيىن،
ئۆتكەرىپمەن دوٗشمەنى كوٗللنى ئاسانلىقدا هەيف.
4. هەيفدوٗركىم بوٗ جەهان لەززاتىدىن ئۆزمەي كۆڭوٗل،
كەتسە جانىم نى خەبەر بوٗ نەۋئ هەيرانلىقدا هەيف.
5. هەرسارى قويدوٗم يوٗزوٗمنى، كۆزوٗمنى، كۆڭلوٗمنى هەيف،
ۋەھ ئەزىز ئۆمروٗم ئۆتوٗپدوٗر بوٗ پەرىشانلىقدا هەيف.
6. سەير ئېتىپ هۆلوٗ قوٗروٗقنى ئەيلەدىم نەفسمنى سىير،
هەسرەتا ۋاۋەيلەتا قالدىم بوٗ هىرمانلىقدا هەيف.
7. بازگەشت ئەيلەپ، زوٗهوٗرى، توٗت نەۋائىدىن ئوٗمىد،
ئۆتكەرىپسەن دەل بەدەل ئوٗمروٗڭنى بوٗهتانلىقدا هەيف.

## 63

1. ساقىا مەقسەت بولسە مەيدان ئىچرە چەۋگان ئويناماق،
قىش كۆنى تاپماي ھىنا ئىلكىڭنى رەڭگىن ئويناماق.
2. چىن قىلىپ زۇلفۇڭنى رۇخسارىڭنى پىنھان ئەيلەدىڭ،
چىن ئىلى يەڭلىغمۇدۇر بۇ رەسىم قىلغان ئويناماق.
3. قان-ياشىم تۇتتى كۆزۈمنىڭ مەردۇمىنىڭ نۇرىنى،
ئويناغىل بىباك مەندىن بولسا پىنھان ئويناماق.
4. ئويناي-ئويناي، نىمە كۆن دىنىمنى تاراج ئەيلەدىڭ،
بۇ بولۇپدۇرمۇ ساقىا، ئەي نامۇسۇلمان، ئويناماق؟
5. بولدى خۇن ئەندۇھۇ مىھنەت ئوقىغە كۆكسۈم ھەدەف،
ئاقتارىپ ئال نىچە لازىم بولسە پەيكان ئويناماق.
6. ۋەئدەئى ۋەسل ئەيلەدىڭ ئويناپ زۇھۇرىغە نىچە،
مۇنچەمۇ يالغان بولۇر، ئەي ئەھدى يالغان، ئويناماق؟



## 64

1. مىنى ھەجرى ئىبتىلاسىغە سەزا قىلدى فىراق،
كۆيدۈرۈپ ھەم روزگارىمنى قارا قىلدى فىراق.
2. ۋەسل ئارا بىر ئەيشۇ ئىشرەت ئەيلەمەك قىلسام ھەۋەس،
ھەجر دەردۇ مىھنەتىغە مۇبتەلا قىلدى فىراق.
3. جانۇ كۆڭلۈم يىغلاشتۇر ئايىتىپ بىرى بىرىگە ھال،
خەستە جىسمىمنى مېنىڭ ماتەم سەرا قىلدى فىراق.
4. ئانسىزىن يۈز قاتلا قويدى جىسمىمە داغ ئۈزرە داغ،
ۋەھ ماڭا بۇ سەئبى ھالەتنى رەۋا قىلدى فىراق.
5. بىر قەدەم قويماق خەيال ئەتسەم ئاڭا ئىستەپ ۋىسال،
ئىنتىھاسىز جەۋرىدۇركىم ئىبتىدا قىلدى فىراق.
6. ۋەسل نۇشىدىن ئىچىپدۇر ئۆزگەلەرنى بەھرەمەند،
ھەجر نىشىدىن مىنى بەس [داد] خاھ قىلدى فىراق.
7. يارسىز ھەر كۈندە ئۆلمەكدۇر زۇھۇرى جانىغە،
نە خوش ئۆلكىم، بىر ئۆلۈم بىرلە دەۋا قىلدى فىراق.

## 65

1. ساڭا مەقسەد مېنى ئىشقىڭدا زارۇ مۇبتەلا قىلماق،
ماڭا ھەم ئارزۇ جانۇ جەھاننىمنى فىدا قىلماق.
2. كېچە-كۈندۈز تىلەرەئەن بىر كۆرۈپ يادىڭدا ئۆلمەكنى،
نە لازىم غەيرى زىكرىڭنى ماڭا شامۇ سەبا قىلماق.
3. يۈرۈپ ئالەمنى كەزدىم تاپمادىم، ۋەھ، دىلىستانىمنى،
كۆڭۈلنىڭ نالەسى بۇ دۇر تاپىپ يار ئىلتىجا قىلماق.
4. ئەجەب مۇشكىلدۇرۇر بۇ يۈز قارا ئەرزىن بەيان ئەتمەك،
ساڭا ئاساندۇرۇر يۈز ھاجەتىم بولسە رەۋا قىلماق.
5. زىھى دەريايى ئەفۋىڭ ئاقتۇر يۈزمىڭ گۇناھلارنى،
ئانى بىلگەچ ماڭا ئىش بولدى ھەردەم يۈز قارا قىلماق.
6. مۇيەسسەر بولسە گەر مەخفى سىنىڭ يادىڭدا بولماقلىغ،
كېرەكمەس دەم ئۇرۇپ ئۇششاق تەرزىدە نەۋا قىلماق.
7. ئىلاھا، بۇ زۇھۇرنى يىراق تۇت زۇھدۇ تەقۋادىن،
كىشكىم زۇھد ئېتەر، ئاندىن يىراق بولماس رىيا قىلماق.

## 66

1. گەر قارى ئەيلەسە ياشلار ئارا بەزم ئارالىق،
بولماغاي ئاندا يىگىتلەرگە نىشان ئەفزالىق.
2. تىفلىدۇر كۆڭلى ئۇلۇس ئىچرە ساقالۇ ساچ بىر،
كەلسە ئەتفال ساقالىغە زىھى رەسۋالىق.
3. كىم يىگىتلىك چاغىدۇر خىزمەتۇ، تائەت ۋەقتى،
قارىغە يانماقۇ تايماق ھەمە ناپەرۋالىق.
4. ياراشۇر ياشلىغىدا نېچۈك ئىشلار ئەتسە،
خۇش ئەمەستۇر قارىغە قىلسا قەدەھەيمالىق.
5. كىمْ خۇدا يادىدا بولماي قارىبان بادە ئىچەر،
ياخشى بۇ نەۋئ مۇسۇلمانلىقدىن تەرسالىق.
6. ئەۋۋەلى ئۇمر جەھالەت بىلە ئۆتتى ئاخىر،
تەڭرى يادى بىلە ئۆتسە، بۇ زىھى دەنالىق.
7. سارغارىپ تۈشتى، زۇھۇرى، تىشىڭ ئەمدى خۇشتۇر،
ئەيلەسەڭ تەركى ھەۋەس، ئەيلەمەسەڭ بەرنالىق.



## 67

1. قەدىنگدەك باغ ئارا سەرۋى رەۋان يوق،
روخوگدەك گۇلشەن ئىچرە زەئفەران يوق.
2. لەبىنگدەك ھېچ يوقتۇر لەئلى سىراب،
كۆزۈگدەك شوخى ئاشوبى جەھان يوق.
3. قاشىنگدەك يوق جەھاندا قادىر ئەنداز،
ئاتارغە بىر مېنىنگدەك ناتەۋان يوق.
4. نە ھەد ئاغزىنگنى بارۇ يوق دېمەككە،
ئانىڭ رەمزىن بىلۇرگە نۇكتەدان يوق.
5. نە ئىمكاندۇر كىشى باغ ئىچرە كىرمەك،
ئاڭا يول كۆرسەتۇرگە باغبان يوق.
6. مېنىڭ سايراماغىم گۇلرۇخ ئۈچۈندۇر،
قىلۇرمۇ نالە بۇلبۇل گۇلستان يوق.
7. ھەمە ياخشى خۇيۇگنى سەرف ئېتۇرگە،
جەھان ئىچرە مېنىنگدەك بىر يامان يوق.
8. بۇلۇپمەن خەلق ئىچىدە ئانچە بەدنام،
مېنىڭ [دەك] يانە رەسۋايى زەمان يوق.
9. ئىلاھا، كۆڭلىدۇركىم بەس پەرىشان،
ماڭا، ئەي،رەھم قىل، بىز دىلستان يوق.



## 68

1. قاشىمدا تا مېنىڭ لەيلى كەبى بىر گۇلئۇزارىم يوق،
ئانىڭ ھەجرىدە مەجنۇندەك ئىشىم جۇز ئاھ يارىم يوق.
2. خەزانى ھەجر ئارا سارغارمىشەم يافراغىدەك ۋەھكىم،
نە يەڭلىغ غۇنچەدەك خەندان بولۇرمەن نەۋبەھارىم يوق.
3. يۇرۇرمەن گۇلرۇخۇم شاخىدا بۇلبۇلدەك ئېتىپ فەرياد،
ئەجەب بىچارەلىكدۇركىم، مېنىڭ بىر لالەزارىم يوق.
4. نېچەكىم جەۋر چەكتىم كۆرمەدىم يارىمدا بىر ئىنساف،
نېچۈك ئەيلەي ئانىڭسىز لەھزەئى سەبرۇ قەرارىم يوق.
5. بۆلەكلەر تاپسە ① يۈزمىڭ يارۇ ھەم يارىمچە بولماسلار،
فىغانكىم يارسىزدۇرمەن تەمامى ئۇمر يارىم يوق.
6. كىشىكىم يار ۋەسلىدىن ماڭا بىر مۇژدەئى بەرسە،
ساچارغە باشىدىن ياشىدىن بۆلەك لايىق نىسارىم يوق.
7. ئالىپ سىنغان سەفال ئىلكىمگەۋۇ مەيخانەگە كىرسەم،
ماڭا جەم جامىدىن ئارتۇقتۇر ئاندىن نەڭۇ ئارىم يوق.
8. تەرەھھۇم ئەيلەسەڭ ھالىم كۆرۈپ، ئەي ساقىئى گۇلرۇخ،
مېنى مەستى ئەزەل قىل سەندىن ئۆزگە غەمگۇسارىم يوق.
9. مېنى مەزھەر كەبى بۇ يولدا مەھكەم ئەيلەسەڭ، يا رەب،
زۇھۇرىدەك بۇ يولدا جان بېرىپ ھەرگىز ياناريم يوق.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا « تارفە » شەكلىدە يېزىلغان.

## 69

1. غۇنچە يەڭلىغ ئاچىلۇرغە ۋەقتى نەۋرۇزى كېرەك،
ساچقالى بادى خەزان مەندەك سىيەھ رويى كېرەك.
2. سەنسىزىن بولدى مېنىڭ يۈز پارە كۆڭلۈم ھەر تەرەف،
جەمئ ئېتۈرگە پارەنى بىر تىيرى دىلدۇزى كېرەك.
3. كۆپ مېنىڭ دەردىم، ئىلاجىم يوق مەگەرچە داغدىن،
ياققالى باغرىمغە ئوت ئاھى جىگەر سوزى كېرەك.
4. كىرمەك ئىستەرمەن مەي ئىچمەك بىرلە ئىشرەتخانەغە،
بىزگەكۇ مۇترىب بىلە بىر مەجلىس ئەفروزى كېرەك.
5. يوقدۇرۇر فانى جەھاندا مۇندىن ئۆزگە ① ئەيشى خۇش،
ئايىتار ئېرسەڭ ئانى ئاھۇ دەرد ئىلە سوزى كېرەك.
6. ئىشق دەرسىن پىرى كامىلدىن ئالۇرلار ئەھلى دەرد،
ئۇرگەتۈرگە ئانى ھەم بىر دانىش ئامۇزى كېرەك.
7. ياخشى كۆردۈڭ [كىم] يامان يول ئىستەسەڭ كەلگىل، زۇھۇر،
ھەر تەرەفكە بارغالى مەندەك قۇلى ئۆزى كېرەك.

① بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا «بۆلەك» دەپ يېزىلغان.

## 70

1. قىيا باقىپ جان ئالۇر كۆزلەرى قاراغە باقىڭ،
بۇ دۇر ھەياتى ئەبەد لەئلى جان فەزاغە باقىڭ.
2. رۇخى زۇلفىدىن ئىستەپ نىشانە كۆز تۇتسام،
دىدى گۇۋاھ ئاڭا تەفسىرى «ۋەززۇھا» غە باقىڭ.
3. بۇ ئىككى كۆزنى يۇمۇپ ئىككى ئالەم ئىشلارىدىن،
ۋىسال ئارا كۆز ئاچىپ نۇرى مۇستەفاغە باقىڭ.
4. فىراق تۈنلەرى سىينەمنى چاك ئاھ ئەتتى،
ئاڭا ئىنانماساڭىز سۇبھىدەم سەباغە باقىڭ.
5. ئانىڭ قوياشىغە كىم تاب كەلتۈرە ئالغاي؟
قولىدا ئوق سىنانەۋۇ قاشى ياغە باقىڭ.
6. بۇ غەمزە ئوقلارى تەگكەن تىنىم ياراسى ئۈنىڭ،
ھىسابىن ئىستەسەڭىز كۆكدەگى سۇھاغە باقىڭ.
7. نە جىلۋەلەر ئېتەدۇر تەلبەگە پەرى يەڭلىغ،
لەبى فۇسۇن كۆزى سىھر مەھلىقاغە باقىڭ.
8. جانىم بىرىپ جان ئالاي دەپ لەبى سارى باقسام،
تالاشۇر ئانى ئىكى ياندا ئەژدەھاغە باقىڭ.
9. نە ئىشۋەلەر بىلە ئالدى زۇھۇرى كۆڭلىنى،
سەمەندى ناز ئۈزە چابۇكى بەلاغە باقىڭ.



# 71

1. كىم ۋىسال ئىستەر فەنا كويى مەقام ئەتمىش كېرەك،
گۈل ئۈمىدى بار ئىسە خارىغا رام ئەتمىش كېرەك.
2. گەر ۋۇجۇدۇڭدىن ساڭا بىر تارمو بار خوش ئەمەس،
دىنۇ دۇنيا بارچەسىن تەركى تەمام ئەتمىش كېرەك.
3. ئەسلى مەقسەد بۇ ئەمەس گاھ يار ئىلە، گاھ يارسىز،
بىۋۇجۇدۇ بىئەدەم ۋەسلى مۇدام ئەتمىش كېرەك.
4. دامەنى پىنھان ئېتۇر قۇش كۆزىدىن سەييادلار؛
دانەلەر كۆزدىن ساچىپ يوقلۇقدا دام ئەتمىش كېرەك.
5. قوي بۇ دامۇ دانەلەر «ۋەللاھۇ خەيرۇل-ماكىرىن»،
بارۇ يوق ھەقغە سالىپ ئەيشىن بىكار ئەتمىش كېرەك.
6. ئەي زۇھۇرى، يار ۋەسلى بار ئېمىش تەقدىر ئىلە،
تەركى سەئيى ئەيلەپ تەۋەككۈلنى ئىمام ئەتمىش كېرەك.



# 72

1. پەردەدار ئولدى نىگارىمغا فەلەك يەتمىش كېرەك،
بۇ فەلەك سەقفىنى تېشىپ مەقسۇدىغا يەتمىش كېرەك.
2. بۇ فەلەكدىن يۇققارى باردۇر تۇمەن تۇرلۇك فەلەك،
ھەر فەلەككە يەتسە تەمكىن ئەيلەمەي ئۆتمىش كېرەك.
3. بۇ فەلەك مىئراجىغا ... چىقسىپ ئۆزلۇك بىلە،
لاجەرەم بىر پەيرەۋى يوللارىنى كۆرسەتمىش كېرەك.
4. سەئيى كۆششىغا قوي بەئزىلەر بۇ يولنى [كىم]،
بەئزەلەر ئايتۇر تەۋەككۇلنى ئىمام ئەتمىش كېرەك.
5. ئىشق پىرىنىڭ كۆڭۈل تىفلىغا تەئلىمى بۇدۇر،
مەكتەبى زانۇدا خامۇشلۇقنى ئۆرگەتمىش كېرەك.
6. ئەي زۇھرورى، تىفلىسەن، قىل ئەبجەدى ئىشق ئىختىيار،
ۋەرنە مەھرۇم ئەبۇ جەد مىراسىدىن كەتمىش كېرەك.



## 73

1. مەن قالىپ ھەجرىدە قان يۇتتۇم كېتىپ يارىم مېنىڭ،
ھېچ باقماي ئىنتىزار ئەتتى دىل ئازارىم مېنىڭ.
2. ھەجر نابىمدىن جۇدا قىلغان فەلەكنىڭ جەۋرىدىن،
ھېچ يەرگە يەتمەدى ئەنغان ئىلە زارىم مېنىڭ.
3. تاڭ يوق، ئەر چىقسام جەھان خەلقى ئىچىدىن ئايرىلىپ،
بەيتۇلئەھزان ئىچرە تاشلاپ كەتسە غەمخارىم مېنىڭ.
4. يا ئىلاھا، ئىشق ئوتى كۆيدۈردى جانىمنى ئەجەب،
ۋەسلىگە يەتكۈرگىل، ئەي، سەنسەن يوقۇ بارىم مېنىڭ.
5. ھەر كېچە پەرۋاز ئېتۇر كۆڭلۈم قۇشى ۋەسلىڭ تىلەپ،
بۇ غەرەزدىندۇر ساڭا ھەر كېچە بىدارىم مېنىڭ.
6. مەن زوھۇرىدەك ئانىڭ ھەجرىدە زار ئولسام نې تاڭ،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە يەڭلىغ كەتسە گۈلزارىم مېنىڭ.

1. لەئلگۇن مەي تابدىن گۇلرەڭگى رۇخسارىن كۆرۈڭ،
لەئلى گەردىدە بىتلگەن خەتتى زەڭگارىن كۆرۈڭ.
2. قابە قەۋسەين ئىشتىهادى يەڭلىغ ئول كۆز ئۇستىدە،
ئاتقالى پەيۋەستە ئوق يادىن نەمۇدارىن كۆرۈڭ.
3. ئالدى كۆڭلۈمنى فەرىق ئەيلەپ كۆزىنىڭ ئىشۋەسى،
جان قۇشىنى ئۆرگەتۇر لەئلى شەكەر بارىن كۆرۈڭ.
4. دەير ئارا مۇغبەچەلەرنىڭ ئول كۆزى كافىر ئۇچۇن،
گەردەنىدە تەۋق ئىلە بىلدە زۇننارىن كۆرۈڭ.
5. ئول گەدايىكىم كىرۇر مەيخانەغە ئىستەپ مۇدام،
فەقر ئەڭنىدە ۋەلى شەهلىق خەرىدارىن كۆرۈڭ.
6. هەجر ئوتىنىڭ شىددەتىدىن ۋەسل ئوتى لەززەت بىرۇر،
ۋەسل قەدرىن بىلسەڭىز هەجرىنىڭ ئازارىن كۆرۈڭ.
7. ئەي زۇهۇرى، ئۆمر دۇردىنىڭ بەقاسىن كۆرسەڭىز،
سۇدا يامغۇر نۇقتەسىنىڭ دەۋرى پەركارىن كۆرۈڭ.

## 75

1. خالىڭ مۇشكىڭ نىسارى نۇقتەئى جانىم مېنىڭ،
سەرۋىدەك قەددىڭ فىداسى جىسمى ۋەيرانىم مېنىڭ.
2. جىسمى ئارا كۆكسۇمدە جان، جانىم ئارا تۇتقان ۋەتەن
نې كۆڭۈل، نې جىسمۇ نې جان مەھزى جانانىم مېنىڭ.
3. سەبزە خەتتىڭدىن تاپۇر جان خىزر يەڭلىغ چاشنى،
لەئلى سىيرابىڭ بولۇپدۇر ئابىھەيۋانىم مېنىڭ.
4. خالۇ خەتتۇ ئارەزۇ زۇلفۇ رۇخۇ قامەت بىلە،
كۆڭلۈم ئالغان مەسنەدى ھۆسن ئۈزرە سۇلتانىم مېنىڭ.
5. ئول ھىلال ئېرمەس كۆرۈنگەن كۆكدە ھەر ئاي باشىدا،
قاشىدىن قىلغان ئىشارەت ماھى تابانىم مېنىڭ.
6. رەئد ئەمەس گەردۇندا ئوتلار چاقىلىپ بەرگەن سەدا،
سوزى ئاھىمدىن ئۇلاشقان كۆكتە ئەفغانىم مېنىڭ.
7. مەن زۇھۇدى مەزھەرىمدىن ئۆزگەگە سالسام نەزەر،
ئىككى دۇنيا، ئەي يارانلار، بويىنۇمە قانىم مېنىڭ.

# 76

1. كەلسە گەر دەيرى فەنا ئىچرە سېنىڭ ئىشلارىڭ ئوڭ،
مەسجىدۇ مەدرەسە تەرك ئەيلەگەسەن ئاندىن ئوڭ.

2. كىرىبان دەيرى مۇغان ئىچرە مۇباھات ئىلە،
دېسە گەر مۇغبەچە: كەلگىل ساڭا بار مۇندا بۇلۇڭ.

3. فەقر كۇنجىدە كۆيۈك نانغە قەنائەت قىلا كۆر،
ئول ھۇمادەككى قەنائەت بىلەدۇر خىرمەنى چوڭ.

4. ئىشق دەشتىدە ئىسىغ بىرلە سوغۇقدىن غەم يېمە،
شىفقارىپ مەينى سۇمۇرگەر قىزىغ ئولغىل، گەر توڭ.

5. نېچە ناقابىل ئىسەڭ ئىلگەرى قويغاچ قەدەمىڭ،
يارى قابىل ئىنەكىن تۇتقىن ئەگەر يەتسە قولۇڭ.

6. بىلسە بولماس كىشىنى زاھىد ئولۇر يا فاسىق،
نامەئى مەئلۇم ئەمەس سول قولىدىنۇ يا ئوڭ.

7. نەزمدە پەيرەۋىلىق ئەيلە نەۋائىنى،زۇھۇر،
سەير ئولۇر ياخشى لاچىننى ئەرشىپ بارسە قۇڭ.



## 77

1. خاتىرىمنى فۇرقەتىڭدىن بەسكى غەمناك ئەيلەدىڭ،
ھەجرىڭ ئوتىغا قۇرۇق جىسمىمنى خاشاك ئەيلەدىڭ.
2. ئارەزىڭ مېھرىنى كۆز تۇتسام بۇ غەمنىڭ شامىدا،
ئىشق تىغىڭ بىرلە كۆكسۈم سۇبھىدەك چاك ئەيلەدىڭ.
3. بۇ غەلەت ئېرمەس دېسەم ئىككى كۆزۈڭنى فىتنەجۇ،
خەستەۋۇ پەژمۇردەئى غەمزەڭنى چالاك ئەيلەدىڭ،
4. ھەجر تىغىدىن يارا بولغان يۈرەكىنىڭ زەخمىغە،
ناۋەكىڭ ھەردەم ئاتىپ زەھرىڭنى تەرياك ئەيلەدىڭ.
5. ئەيشۇ ئىشرەت باغىدا ئەتتىڭ رەقىبلەرىڭنى گۈل،
مېھنەت ئويىدە ھەبىبىڭنى تەرەبناك ئەيلەدىڭ.
6. جۇملە ئالەم خەلقى ئوتىدىن قاچسە ئاسىي ئىستەر ئوت،
ئوتۇ سۇدىن ئاشىقىڭنى تۇرفە بىباك ئەيلەدىڭ.
7. ياخشىلار ياخشىلىقىدىن ئات چىقاردى خەلق ئارا،
ھەمدى لىللاھ بۇ يامانىنى ياخشىدىن پاك ئەيلەدىڭ.
8. ئەي مۇغەننى، مەجلىس ئەھلىنى چۇ بىئىدراك ئېتىپ،
دەير ئارا، ئۇششاق ئارا سازىڭ ئالىپ راك ئەيلەدىڭ.
9. يارىغە ھەردەم زۇھۇرى دەر: يۈزىن كۆرسەتمەيىن،
مەزھەرى يەگلىغ كۆزۈمنى نېگە نەمناك ئەيلەدىڭ؟

## 78

1. قارا ھىجران تۈنىدە ئىشقدۇر بىر شوئلەلىق مەنقەل،
كۆرۈنۈپ ئىشق ئاسان بارچەدىن، ئاسان ئەمەس مۇشكەل①.
2. بەلالىغ ئىشق دەشتىن سەير ئېتەرنى ئارزۇ قىلساڭ،
تاپىپ بىر كاسەنى دەير ئىچرە ئىچمەك فەرزدۇر ئەۋۋەل.
3. كىشىكىم ئەقلۇ دانىشدىن دەم ئۇرسا ئول ئېرۇر مەدھۇش،
ئىچىپ دەيرى مۇغاندا كىمكى لايەئقەل ئېرۇر ئەئقەل.
4. ساڭا ئوق قاشىدىن ئاتسە يارۇغ كۆكسۈڭنى. تۇت [غىلكىم]،
كۆڭلۈم كۆزگۈسىگە مەھبۇبىنىڭ دەردى ئېرۇر سەيقەل.
5. ئېرۇر مەقسۇدۇڭ ئول پەرىنى ئۆزگە بىلمە دەپ...
ۋەگەرنە شىركەت ئەھلىدىن ئېرۇرسەن يا كۆزۈڭ ئەھۋەل②.
6. ماڭا كۆپ ئەيلەمە بۇ ئىشق رەمزىن، ئەي زۇھۇرىددىن،
ئانىڭدەك مەستمەن دەي ھېچكىم بۇ مۇشكىل ئېرمەس ھەل③.



① بۇ مىسرا كۆچۈرۈش جەريانىدا كاتىپ تەرىپىدىن بۇزۇلغان.

② ③ بۇ بېيتلار كاتىپ تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن.

## 79

1. مىنى ھەجر ئىبتىلاسى قىلدى غەمخازىم سارى مايىل،
كۆڭۈل كۆزگۈسىنىڭ زەڭگىنى يادى ئەيلەدى زايىل.

2. كىم ئول ئاشىق بولۇر بىلگەي بەلايى ئىشق سەئبىنى،
بىلۇرمۇ ھىچ دەريا ھالەتىنى ساكىنى ساھىل؟

3. ھەمە ئەل ئاتىنى دەر ئىشق، مەن دەرمەن بەلاسى جان،
بۇ سۆز رەمزىنى تاپقايمۇ كىشىكىم بولسە ئول ئاقىل.

4. بەلا كەش يار ھەجرىدە نە مەن يالغۇزدۇرمەن، ئەي دوست،
يامانۇ ياخشۇۋ، فۇسساقۇ زاھىد بارچەسى شامىل.

5. بولۇر ئەقلىڭ بىلە ھۇشۇڭ بۇ ھەسرەت دەشتىدە ئاجىز،
كىرىپ پىرى مۇغاندا بولماق ئەۋزەل① مەستى لايەئقىل.

6. نە ھۇشدۇر پەرى ئايلىدا بىھۇش بولماقلىغ②،
بۇ ھەيرەتدە قويۇپ دانىش ئەمما بولماغىل غافىل.

7. مۇھەببەتدىن دەم ئۇرما، ئەي زۇھۇرى، پىرى كامىلسىز،
بولا ئالغان ئەمەس بۇ ئىشقغە توققۇز فەلەك ھامىل.

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «ئەۋۋەل» دەپ يېزىلغان.

② بۇ مىسرا كۆچۈرۈش جەريانىدا كاتىپ تەرىپىدىن بۇزۇلغان.

# 80

1. لەتافەت باغىدا يوقتۇر يۈزۈڭدەك بىر ئاچىلغان گۈل،
ئانىڭ شەۋقىدە فەرياد ئەتكەلى يوق مەن كەبى بۇلبۇل.
2. ئاچىلغان يوق جەھانغە رەۋزىدە ئاغزىڭ كەبى غۇنچە،
گۈلى گۈلشەندە ئۈنگەن يوق يەنە ساچىڭ كەبى سۇنبۇل.
3. ئەدالەت باغىدا پۈتكەن ئەمەس قەددىڭ كەبى ئەرئەر،
لەبىڭ شەۋقىدە ئاسىلغان ئاڭا ئەژدەر كەبى كاكۇل.
4. سەخا دەرياسىدا چىقماس تىشىڭدەك ھىچ دۇررى ناب،
ئاڭا يوق مۇستەھىق مەندەك جەھاندا مۇفلىسى بىغۇل.
5. كۆزۈڭ كەيفىيەتىدىن مەستدۇر ئالەمدە ئاشىقلار،
يەنە مەست ئولغالى دائىم ئىچۈرگە ھاجەت ئىرمەس مۇل.
6. مەلاھەت كانى ھۇسن ئىقلىمىدە يوق سەن كەبى بىر شاھ،
سىنىڭ كويۇڭدا يوق مەندەك يەنە ئىخلاسلىق بىر قۇل.
7. شەھى ئالى نەسەب يۇسۇف، زۇھۇرىدىن ئاڭا مۇخلىس،
ئەبەن مىن جەدد ھۇمايون بەخت كەلدى مەۋلىدى قامۇل.



## 81

1. ئاياساقى، كېتۈرگىل يار بەزمىدىن پەياپەي مۇل،
ئاچىلغان مەجلىس ئەھلى مەستلىكىدىن بارچەسى گۈل-گۈل.

2. نەدۇر تۇرماقلىغ ئىچمەي بىر دەمى ئۇششاق شامىدا،
سۇراھىدىن چىقۇر ئاۋازە ئىچ دەپ دەم بەدەم قۇلقۇل.

3. مۇغەننى، نەغمە چەك، ئۇششاق تەرزىدە نەۋا ئەيلەي،
ئانىڭ شەۋقىدە فەرياد ئەيلەبان باغ ئىچرە ھەر بۇلبۇل.

4. مەنى مەھزۇننى، ئەي مۇترىب، تەرەبناك ئەيلەسەڭ نېتەي،
نە بولغايكىم مۇرادىن تاپسا سەندىن بىر مېنىڭدەك قۇل.

5. مەنى بىچارەنى ئىشقىدە كۆيدۈردى پەرى پەيكەر،
قاشى يا، كىرپىكى ناۋەك، ھىدى سۇنبۇل ئۇزۇن كاكۇل.

6. ئىلاھا، بارىسىن تەركىنى بەرگىل بۇ پەرىشانغە،
قىلىپ مەجمۇئى خاتىر غەير زىكرىنى كۆڭۈلدىن يۇل.

7. شەھى ساھىبقىران يۇسۇف، ئانىڭ بىر خاكپايىنى،
زۇھۇرى، سۇرسەڭ ئەر كۆزگە ساڭا فىردەۋسدۇر قامۇل.



1. ئەي كۆڭۈل، يار ئۆزگەنى يار ئەتتى، سەن دىۋانە بول،
سەن ھەم ئۆزنى ئۆزگە ئەيلەپ خەلقدىن بىگانە بول.
2. گەرتەمەننا ئەيلەسەڭ ئول لەيلىۋەشنىڭ ۋەسلىنى،
ھەجر دەشتىنى كېزىپ مەجنۇن كەبى ئەفسانە بول.
3. گۈلرۇخىنىڭ يادىدا بۇلبۇل كەبى فەرياد ئېتىپ،
چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى گەردىدە پەرۋانە بول.
4. ئالىبان مەيخانەلەردە ئىلكىگە سۇنغان سەفال،
شوخۇ شەڭ مۇغبەچچەلەرنىڭ ئىشقىدا مەستانە بول.
5. گۈل تىكەنسىز بولماغى مۇمكىن ئەمەس، ئەي ساددە دىل،
گۈل تەمەنناسىدا بولساڭ خار ئىلە پىنھانە بول.
6. گەر تىلەرسەن ئول بۇتى زىبىا ۋىسالىن دەۋلەتى،
تەركى دىنۇ مىللەت ئەيلەپ ساكىنى بۇتخانە بول.
7. يارى زۇلفۇ خالىنىڭ ئۇمىدىدە بولساڭ، زۇھۇر،
دەردۇ غەمنىڭ دامىدا مىھنەت قۇشىغە دانە بول.



## 83

1. جەمالىڭ يادى بىرلە ئىچسەم① ئەرچە ياردۇر قاتىل،
ھەياتىم نۇشىدىن ئۇمرۇمدە ئانداغ تاپماغۇم ھاسىل.
2. ئەگەر يادىڭ تۇشەر كۆڭلۇمگە باردۇر مەزھەرى مۇتلەق،
سىغۇرمۇ ئول كۆڭۈلگە جۇملەئى ئەئيان ئېرۇر باتىل؟
3. سېنىڭ دەردىڭ دەۋاسى بىرلە خۇشتۇر بارچەلەر، لېكىن،
ماڭا (دۇر) زەخمى تىغىڭ بىرلە بولماقلىغ ساڭا مايىل.
4. مېنىڭ ئۇممىدىم ئولدۇر ئىشقىسىزلار سۇھبەتىدىن كىم،
كېتىپ ئول فەردلىق ۋەيرانە سارى بولغامەن شامىل.
5. بۇ خەستە، ۋەھ، جەمالىڭ شەمئىغە پەرۋانەۋار ئولدى،
بېرىپ شۇئلە ئاڭا ئىشقىڭ ئوتىغە ئەيلەگىل داخىل.
6. جەمالى لالەزارىڭغە ئېتەي كۆڭلۇمنى مەن كۆزگۇ،
تۇشۇپ ئەكسى ئاڭا ئەتكەي تەئەللۇق زەڭگىنى زايىل.
7. زۇھۇرىدىن ئەمانەتنى ئالۇر چاغدىن بۇرۇتراقىم،
ئىلاھا، ئەيلەگىل بارى ئامانەتكە ئانى ھامىل.

① قول يازمىدا بۇ سۆز «ئىچسەڭ» دەپ خاتا يېزىلغان.

## 84

1. يا قاشىڭ مىھرابى 〔مۇ〕 يا 〔كىم〕 ياڭى چىققان ھىلال،
ئارەزىڭ گۇلدۇرمۇ يا خۇرشىد يا بەدرى كەمال؟
2. كۆز تىكىپ قەددىم خەم ئولدى كەلمەدىڭ قاشىمغەكىم،
ئارزۇ قىلسام كۆرەي دەپ بارغالى يوقتۇر مەجال.
3. غۇنچە ئاغزىڭ ھەسرەتىدىن قان تۆكولدى كۆڭلۈمە،
فىكر ئېتىپ تاپماي بىلىگنى بولدى بۇ جىسمىم نىئال①.
4. ئەللاھ، ئەللاھكىم ئىلىنماي يەتكۇسى مەقسۇدىغە،
دامۇ دانە جان قۇشىغە زۇلفى مۇشكىن خەتتۇ خال.
5. مەست بولماق مەي ئىچىپ ئۆزلۈك بىلە مۇمكىن ئەمەس،
ساقىئى گۇلچىھرەدىن لۇتف ئولماسا ئىچمەك مەھال.
6. مەستدۇر مەيگۇن كۆزۈڭنىڭ ئەكسىدىن خەلقى جەھان،
مەن ئۇلارغە شەۋقىدىن ئەتتىم ئۆزۈمنى پايمال.
7. ئەي زۇھۇرى، يولچىسىز مەيخانەگە كەلتۇرمە يۈز،
راھبەر ئەيلەپ ئىزىنى كۆزۈڭگە قىل ئىكتىھال.



---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «خەيال» **دېيىلگەن**.

## 85

1. جامۇ مەيسىز يەتمەكى لەئلى شەھەنشەھغە مەھال،
تۇرفەدۇركىم قىلمەسەل تۇفراغىدىن ئۇشبۇ خەيال.
2. جام ئەگەر مەيدىن پۇر ئولسە ئايغە مۇڭراتسام نې تاڭ،
چۇن يارىم بولغاچ نەماياندۇر لەبى مىسلى ھىلال.
3. يارى چابۇك سەيرى ۋەسلىغە نېچۇك يېتكۈگدۇرۇر،
شەھسەۋار ئايلىدا تا سەن ① بولماغۇنچە پايىمال.
4. كەسسەڭ ئەر فەرھاددەك مىھنەت ئارا غەم تاغىنى،
جەزب ئەگەر شىرىندە يوق يەتمەككە يوق سەندە مەجال.
5. كۆز تىكىپ ئەردىم يۈزۈڭگە ھەر سەباھ ئەيلەپ دۇئا،
يۈز يولۇمنى ھەر تەرەفدىن باغلادى ئول خەتتى خال.
6. سايەۋەش بولغىل، زۇھۇرىدىن، تاپۇرسەن مەقسەدىڭ،
تا ئەبەد بولماس ئانىڭ خۇرشىدى ھۇسنىغە زەۋال.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «تاش» دېيىلگەن.

## 86

1. گىرىھ-گىرىھ ئىدى غەمدىن يازىلمادى كۆڭلۈم،
بەھار بولدىيۇ گۇلغە مەيل قىلمادى كۆڭلۈم.

2. لەبى فىراقىدە، ۋەھ، قان تۆكۈلدى كۆڭلۈمگە،
ئاچىلدى غۇنچە، ۋەلېكىن ئاچىلمادى كۆڭلۈم.

3. ھەمىشە مەست ئىدىم كۆزلەرى كەيفىدە ئانداغ،
بەھار كەلگەنۇ كەتكەنىنى بىلمەدى كۆڭلۈم.

4. تاپاي دەپ ئاغزى نىشانىن ئەتتى كۆڭلۈم ھەم،
كى غۇنچەلەر ئىستەپ تاپا ئالمادى كۆڭلۈم.

5. كۆزۈمدە جىلۋەلەر ئەتتى بۇ دەھر رەئناسى.
ئاتىڭ ئىزىچە ئانى كۆزگە ئىلمادى كۆڭلۈم.

6. فىراق دەشتىدە ھەيرانۇ زار تەلبە ئىدىم،
كى گۇل چاغىدا زەمانى ئاچىلمادى كۆڭلۈم.

7. ئىككى جەھاننى تەمەننا قىلىپ كى ئەل كۆڭلى،
ئۇلارغە شۇكرىكى بارى قاتىلمادى كۆڭلۈم.

8. نەۋائى مەخزەنىدىن ئىستەبان دۇر نەزمىدىن،
ئەگەرچە تاپمادى گەرچە ياڭىلمادى كۆڭلۈم.

9. زۇھۇرى، نەزمىڭنى ئانداغ سىلىغدادى مەزھەر،
كى ئانچە بولدى سىلىغۇ تايىلمادى كۆڭلۈم.



## 87

1. دەم بەدەم كۆڭلۈم تىلەر يارىم بىلە كام ئەيلەسەم،
كىم تەكەللۇم كەيفىدىن چېھرىمنى گۈلفام ئەيلەسەم.
2. رەم ئېتىپ كەلمەس ئۇلۇس غەۋغاسىدىن شەھبازدەك،
كېچەلەر بىدار ئولۇپ ئەمدى ئانى رام ئەيلەسەم.
3. تۇتى يەڭلىغ سۆزلەتىپ ئۇز نەقشىنى كۆڭلۈم ئارا،
كۆرسەتىپ ئۇز ئەكسىنى ئايىنەدە دام ئەيلەسەم.
4. ئۇمرلەر دۇنيا ئىشىدا بولدى زايىئ، ۋاي كىم،
پەردەئى غەفلەتنى يىرتىپ شامىنى بام ئەيلەسەم.
5. نەچچە مۇددەتتۇركى ئەلنىڭ كارى بارى ئەتتى دال،
ئەمدى ھەق يولىدا بۇ جىسمىمنى چۇن لام ئەيلەسەم.
6. كۆزلەرىڭ كەيفىيەتىدىن ئىلتىماس ئەيلەر زۇھۇر،
مەستلىك ئاغاز ئېتىپ ھوش بىرلە ئەنجام ئەيلەسەم.



## 88

1. سۇبھى ۋەسلىڭ ياد ئېتىپ شامىنى ئەنۋار ئەيلەدىم،
چاك ئېتىپ كۆكسۈمنى رەۋزەندىن نەمۇدار ئەيلەدىم.
2. جانۇ دىلنى مەزھەر ئېتىپكىم جەمالىڭ پەرتەۋى،
كاشكى تۈشكەيمۇ دەپ جىسمىمنى ئەفگار ئەيلەدىم.
3. يازغالى بۇ سەفھەئى غەمگە فىراقىڭ شەرھىنى،
كۆز قاراسىن ھەك قىلىپ كىلككىم نىگۇنسار ئەيلەدىم.
4. ئىشق سەھراسىدا كۆڭلۈم قۇشلارى پەرۋاز ئېتۇر،
قولدا غايىسەن دەپ مۇھەببەت رىشتەسىن تار ئەيلەدىم.
5. گۇل تىكەنسىز بولماغى مۇمكىن ئەمەس، ئەي گۇلئۇزار،
گۇل يۈزۈڭگە كۆز تىكىپ كىرفىكلەرىم خار ئەيلەدىم.
6. شادمان كۆرگەچ سېنى مەھزۇن كۆڭۈل ئازارىدىن،
خەستە جانىمغە سېنىڭ دەردىڭنى غەمخار ئەيلەدىم.
7. دەۋلەتى ۋەسلىڭ تەمەنناسىدا مەن ھەر سۇبھۇ شام،
كۆزلەرىمنى ئۇخلاتىپ كۆڭلۈمنى بىدار ئەيلەدىم.
8. ئول لەبى لەئل ئىشتىياقى ھەسرەتىدىن قان يۇتۇپ،
ئاقىزىپ قان ياش ئىلە ئالەمنى گۇلزار ئەيلەدىم.
9. تابىسىز بولسا قىلىچىڭ دەفئىگە دەپ، ئەي زۇھۇر،
كۆز ياشىمدىن سۇ بېرىپ قانىمنى دەركار ئەيلەدىم.



## 89

1. تۇتۇپ ئۇممىدى لەئلىڭ چاشنى مەن روزدار ئېردىم،
جەمالىڭ شەمئىدىن سۆزلەپ ئۆزۈم پەرۋانەۋار ئېردىم.
2. يۈزۈڭ گۈلنارىدىن ئايىنىپ ئۆزۈم يەتمەي مەگەر كۆڭلۈم،
تۆكۈپ قان ياش ئىلە يادىڭدا ھەردەم گۈلئۈزار ئېردىم.
3. ئىچىمگە پاتمايىن سىررىڭ قامۇشدەك نالەلەر ئەيلەپ،
سارىغ يۈز سەفھە ئەيلەپ قان ياشىمدىن خەت يازار ئېردىم.
4. يېتىپ لەئلىڭغە كۆيسەم چاشنىي ۋەقتى تەكەللۇمدە،
ئانى دەپ شەربەتى «يۇھيىلئىزام» ئاغزىم ئاچار ئېردىم.
5. ئاچىپ ئاغزىمنى مەن ئىيد ئولدى بۇ لەئلىڭغە يەتمەكدىن،
بۆلەكلەر بولدى قۇربان ھەسرەتىدىن مەن تاتار ئېردىم.
6. كۆرۈپمەن بىر كۈن ئىچرە ئىيدى فىترە بىرلە ئۇزھانى،
ئەجەب دۇر بۇ ھىلالىڭ بىلايىن كۆرمەي قارار ئېردىم.
7. مېنى سەن بۇ زۇھۇرىدەك لەبىڭدىن كامىران ئەتمە،
كۆرەي دەپ ئاي يۈزۈڭنى ھەر كېچە مەن بىقەرار ئېردىم.

## 90

1. يازغالى نامەئى شەۋقمنى شەكەر بار قەلەم،
تىلىنى ئىككى قىلىپ ئەيلەدى تەكرار قەلەم.
2. ساقلاغان جان بىرلە كۆڭلۈمدە نىھان سىررىمنى،
فاش قىلدى ھەممەگە ساھىبى ئەسرار قەلەم.
3. گاھ ۋەسلىڭ خەبەرىن يازدى گەھى ھەجرىڭدىن،
تىل ئۇرۇپ يۈز قارالىق ئەيلەدى ئەسرار قەلەم.
4. يازغالى دەردى فىراقىڭنى جەھان سەفھەسىدە،
چاك ئېتىپ كۆكسىنى سەير ئەيلەدى بىسيار قەلەم.
5. كۆڭلىنى قىلدى قارا ھەم ماڭا كەلگەندە دۇۋات،
تىلىنى قىلدى ئۇزۇن ھەم بۇ نىگۇنسار قەلەم.
6. ۋەسلى خىلۋەتگەھىدە بىشككە ھاجەت يوقدۇر،
بولماغاي ئاشىقۇ مەئشۇق دەركار قەلەم.
7. ئاقىبەت تىلەسەڭ، ئەيلە خە مۇشلۇقنى، زۇھۇر،
تىلىدىن باشى يارىلدى قارا مىنقار قەلەم.



# 91

1. ساقىئى گۈلرۇخ ئەگەر لۇتف ئىلە تۇتسە ماڭا جام،
تا قىيامەتكە ساقايغۇم يوق ئولۇپ مەستى مۇدام.
2. ئارەزى پەرتەۋى گەر تۈشسە بۇ كۆڭلۈمگە مۇدام،
ئايىنە شۇئلەسىدەك ئەتسە مېنى بىئارام.
3. گۈلرۇخۇم لەئلى لەبى ھەسرەتىدىن ھەر كېچەدە،
مۇرغىئى ئىسھاق كەبى بولۇرەم بىئارام.
4. مېنى بىر كاسە بىلە مۇغبەچەئى بادەپەرەست،
ئەيلەدى پۇختە جۇنۇن ئەمدى ئىشىم بولماس خام.
5. تاپمادىم دەيردە بۇرنا يۈرۈگەن يوللارنى،
يارسىز بولغان ئۈچۈن بولدى ئىشىم ناپەرجام.
6. ئىشق يولىدا كېرەكمەس ماڭا نەڭگۇ ناموس،
ھەممىنى تەرك ئېتىبان خەلق ئارا بولدۇم بەدنام.
7. زاھىدۇ ئالىمۇ ئابىد ھەمەسى ھېچ ئەقىم،
ئىشقسىزلارنىڭ ئىشىدۇر نە سەرۇ نە ئەنجام.
8. بۇ بەياز ئۇلسا ئەدا تەڭرىغە بەس ھەمد ئەيلەپ،
كاسەئى مەي تۇتۇبان مەزھەرىغە ئەيلە سەلام.
9. مەستتۇر ئىشق ئېلى بىرسى بىر ئىشدىن،
ئىشق ئەھلىگە قاتىلمادى زۇھۇرى ناكام.



## 92

1. مۇندا نې بار ئېردى يارىمدىن خەبەردار ئولماسام،
گەر خەبەردار ئولماسام، ياخشى ئىدى يار ئولماسام.
2. كىمگە سالۇر ئېردى بۇ ئىشقى مۇھەببەت ئوتىنى،
كۆيگەلى گەر مەن سەمەندەردەك سەزاۋار ئولماسام.
3. ئەي مەھى كەنئان قاچان بولغاي ئىدى قىممەت بەھا،
بىر كەلابە يىپ بىلە گەر مەن خەرىدار ئولماسام.
4. تىب ئۇلۇمىيۇ گەتىبا قايدا بولغاي ئىئتىبار،
ئىشقى زاتىل جەنبىدىن مەن خەستە بىمار ئولماسام.
5. گۇل يۈزۈڭنىڭ شۆھرەتى ئارتۇرمىدى ئۇششاق ئارا،
بۇلبۇلى ئاشۇفتەدەك گەر مەن ساڭا زار ئولماسام.
6. ساكىنى بۇتخانە بولماقدىن ماڭا ئولدۇر غەرەز،
ئول سەنەم كۆرسەتمەگەي يۈز ئەھلى زۇننار ئولماسام.
7. ئىشقۇ ئاشىقلىق قاچان شايە بولۇر ئېردى مەگەر،
سەن كۆڭۈلنى ئالماساڭ مەن ھەم تەلەبكار ئولماسام.
8. ئىلتىماس ئەيلەپ زۇھۇرىددىن قوپۇپ ھەر سۇبھدە،
دۇشمەنىڭگە يار ئولۇپ، يارىڭغە ئەغيار ئولماسام.

## 93

1. ئۆلۈككە جان كىڭگۈرۈر بولساڭ، ئەي مەسىھا دەم،
ماڭا كىڭگۈرگى دەمىڭسىز ئەمەن ئۆلۈكدىن كەم.
2. سىنىڭسىز ئانچە كۆرۈپ مەن بەلاۋۇ مىھنەتنى،
مىڭدا بىرىنى ھەم كۆرمەمىش بەنى ئادەم.
3. سىپاسۇ شۈكرى نىھايەتسىز ئۈشبۇ ھالىمغە،
سەنا يولىدا بولدى ماڭا قۇت دەردۇ ئەلەم.
4. يۈرەكدە غەمزەڭ ئوقى باردۇر بىھەد،
ئاڭا تەبەسسۇم ئىلە باقىشىڭ ئېرۈر مەرھەم.
5. بەھار بولدى ماڭا يارسىز ساۋۇق قىشدەك،
نىشاتى ئىيد ئىلە نەۋرۇز گويىيا ماتەم.
6. كىرەپكى دەير مۇغانغە بارىنى تەرك ئەيلەپ،
ۋەفا قىلىپدۇرمۇ بىر ھىچكىمگە بۇ ئالەم؟
7. مۇيەسسەر ئولسا ئاياقچى قولىدىن ئىچسە ئاياق،
سۇمۇرسە ئانى بۇ جەھاندىن، زۇھۇرىيا، يىمە غەم.



## 94

1. مەيخانە كۈنجى بولدى كويۇڭدا خانەقاھىم،
پىرى مۇغان دۇئاسى ئەۋرادى سۇبھىگاھىم.
2. باشىمغە خىشت ياستۇق بولدى، تىكەن تۆشەكىم،
ئىتلارىڭ ئاستانى ھەر كېچە تەكيىگاھىم.
3. فەقر ئولماغىمدۇر ئەۋلا دەير ئىچرە شاھلىقدىن،
باغلاپ بېلىمنى مەھكەم تەۋفىق بەرسە شاھىم.
4. دۇنيا يۈزىدە ھەركىم ئۆز يارى بىرلە خۇشتۇر،
يوقتۇر ماڭا ئۆزىدىن ئۆزگە بولۇر پەناھىم.
5. يۈزىمىڭ فىغانلار ئەتسەم نىچۈن ئېشىتمەس ئول ماھ،
ھەر كېچە يەتتى يۈز يول توققۇز فەلەككە ئاھىم.
6. سەنسىز ماڭا بۇدۇر ھال ھەر كېچە قىلماق ئەفغان،
كەيۋان بىلە سۇرەييا باردۇر ئىكى گۇۋاھىم.
7. بولغىل، زۇھۇرى، خەستە فەقرۇ شىكەستە بەستە،
شايەد كۆرۈپ بۇ ھالىڭ رەھم ئەيلەگەي ئىلاھىم.



## 95

1. كۆكۈل ئالغان بىر نەزەردە كۆزى جادۇ دىلبەرىم،
ئاغزى غۇنچە، تىشلەرى دۇر، قەددى دىلجۇ دىلبەرىم.
2. نار ئۇتى ئۈستىندە ساداق بېلىدە ئىككى سىنان،
غەمزە ئوقىن يالاغان پەيۋەستە ئەبرۇ① دىلبەرىم.
3. جان ئالۇرنى بىلىپ يارىمنى بەدخۇي دەيدۇ ئەل،
جان نىسار ئەيلەپ دېگۈم جەننەتدە خۇشخۇ دىلبەرىم.
4. يۈزقارالىق ئەيلەدىم ھەر كېچە يوللارنى كېزىپ،
ئاھكىم كەلمەس قاشىمغە زۇلفى شەبرۇ دىلبەرىم.
5. نېگە فەرياد ئۇرماغايمەن كېچەلەر ئىتدەك ئۇلاپ،
ئۆتسە باقماس سەير ئېتىپ گۈلشەنگە مەھرۇ دىلبەرىم.
6. كۆز قارالاردىن ۋەفا كۆز تۇتمە دەيدۇرلار بىلىڭ،
دوستكىم رام ئەيلەدى ئول كۆزى ئاھۇ دىلبەرىم.
7. دۇر مۇغەننىدىن، زۇھۇرى، ئىستەسەم سۆز بەھرىدە،
يوقتۇرۇر مەزھەر كەبى غەۋۋاسى خۇشگۇ دىلبەرىم.

① قوليازمىدا بۇ سۆز « ئېرۇر » دەپ يېزىلىپ قالغان.

# 96

1. بىناگاھ كەلدى كۇلبەمگە كۆزى جادۇ، لەبى ئەفسۇن،
تەكەللۇم ئەيلەگەچ كۆڭلۈم ئالىپ، ئەتتى مېنى مەغبۇن.
2. كۆرۈپ دىۋانەۋەش بولدۇم باقارغە تاقەتىم يوقتۇر،
كۆزۈمدىن غايىب ئولغاچ، بولدى بىتاقەتلىكىم ئەفزۇن.
3. بەسى ئەۋلادۇر ئاندىن خاكى پايىن تۇتىيا قىلماق،
ماڭا بولسا سىكەندەر تاجى بىرلە تەختى ئەفرىدۇرن.
4. ماڭا قىسمەت بولۇپتۇر مېھنەتى غەم ئول زەمانىدىنكىم،
قىلىپتۇر تۇفراغىمنى يارنىڭ دەردى بىلە مەئجۇن.
5. لەبىنىڭ يادىدا غەم تاغى ئولدى لالەزار جۈملە،
فىراقىڭ دەشتىدە ئاقغان ئۇچۇن ئىككى كۆزۈمدىن خۇن.
6. تاڭ ئېرمەستۇر ئەگەر يارىم كۆزۈمدە تۇتماسا مەسكەن،
رەۋاندۇر دائىما ئىككى كۆزۈمدىن رۇد ئىلە جەيھۇن.
7. زۇھۇرى قىلسە گەر سەندە ئانىڭ مەيگۇن كۆزى ئەكسى،
بولۇپ مەزھەر ئاڭا مىرزا زۇھۇرىدىندەك ئەت قانۇن.

1. ھەجرىدە ھەرگىز تۈگەنمەس ماھۇ سالى بار ئىكەن،
بولسە ھەم بۇنيادىغە بىر كۈن زەۋالى بار ئىكەن.
2. ئايۇ يىل فۇرقەتىدە بولساڭ تۆكمە (قان ياشىڭنىكىم)
ھەجرىدە گەر يىللار ئۆتسە بىر ۋىسالى بار ئىكەن.
3. گۇفتىگۇ ئەيلەرگە مەندەك يوق دېسەم ھەر سۇبھۇ شام،
يار بىرلە بارچەنىڭ ھەم قىيلۇ قالى بار ئىكەن.
4. ئىشق ئېلىنى كويىدا ھەيرانۇ سەرگەردان قىلىپ،
كېچە-كۈندۈز يىغلاتۇردا بىر خەيالى بار ئىكەن.
5. يار زۇلفى تابىدىن مىسكىن كۆڭۈللەر تابى يوق،
بىخۇدۇ مەست ئەيلەرىگە ئۇشبۇ خالى بار ئىكەن.
6. ھەم بەھارۇ ھەم خەزان، ھەم ھەجر ئۇتى ھەم ئەز بە ۋەسىل،
ئۆرتەمەس ئىككى جەھان بۇ ئىشتىدالى بار ئىكەن.
7. كۆڭۈل ئالدى ماسىۋەللاھ بارچەنى ئەيلەپ غەرىب،
نە ئۈچۈنكىم جۇملەدە ئەكسى جەمالى بار ئىكەن.
8. ماسىۋەللاھدا زۇھۇرى سەير قىلغاچ بىلدىكىم،
قاي بىرىگە قابىل ئۇلسە ئىنتىسالى بار ئىكەن.



## 98

1. ئەي قاشىڭ ناجىز ئېتىپ بەيرەم ھىلالى رويەتىن،
مېھرى رۇخسارىڭ ئۇشاتتى بەدرى ئەنۋەر شەۋكەتىن.
2. ۋەسل باغىڭدىن مەگەر ئەستى نەسىمى سۇبھىدەم،
ئىشق خەيلىدىن ئېتىپ نابۇد ھىجران كەربەتىن.
3. مۇژدەئى قەددىڭدىن ئېلىتىپ باغ ئارا بادى سەھەر،
ھەسرەتىدىن ھەرسارى خەم قىلدى سەرۋى قامەتىن.
4. تۇشكەلى گۇلشەنىگە مەيگۇن ئارەزىڭنىڭ پەرتەۋى،
زاھىر ئەتتى باغ ئارا لالەۋۇ نەسدىن خىجلەتىن.
5. ئاڭلاغاچ جانىم قۇشى ھۇببۇلۋەتەندىن نۇكتەئى،
جۇش ئۇرۇپ ھىجران بەلاسىن قىلدى ئەفزۇن غۇربەتىن.
6. تاڭ ئەمەس بولسە زۇھۇرىنىڭ يۈرەك باغرى كەباب،
شەۋق ئوتى تۇشكەچ ئىچىمگە قىلدى كۆپرەك ھىرقەتىن.



## 99

1. ساقيا، جامىنى ساف ئەيلە مەيى ئەنۋاردىن،
ئەيلەگىل كۆڭلۈمنى خالى جۇملەئى ئەغياردىن.
2. مەست ئەيلەپ ھوشۇم ئال، قىلغىل خۇماردىن خەلاس،
ھەم خۇمار ئۆزلۈكدىن ئەت ھەم پەردەئى پىندارىدىن.
3. ھەجرىنىڭ ئەندۇھىدىن بولدى كۆزۈم يىغلاپ بەسىر،
كاشكى بولغاي ئىدى مىنا كۆزۈم دىداردىن.
4. گەر بەھار ئۆتكەچ تولا سارغارسا يافراقلار نې تاڭ،
سارغارىپ يۈز غەم بىلە ) بولسە ( جۇدا غەمخاردىن.
5. ۋەسل قەدرىن بىلمەگەنگە ھەجر ئوتى پاداش ئىمىش،
بولما نەۋمىد، ئەي زۇھۇرى، بۇرنا سۆيگەن ياردىن.

## 100

1. كەلمەدى بىر مۇژدەئى ئول سەرۋى گۇل رۇخساردىن،
زار بۇلبۇلدەك جۇدا قالدىم گۇلۇ گۇلزاردىن.
2. تەشنەدۇر جانىم قۇشى بۇ ھەجر تابىستانىدا،
تاتمايىن بىر قەترەئى ئول [ لەئلى ] شەككەر باردىن.
3. ۋەسل غەيبىنى سوراپ تاپتىم فىراقى ئوتىنى،
سەرنەۋشتىمدە ماگا بۇ چەرخى كەجرەفتاردىن.
4. ساقىيا، بىر جام ئىلە مەست ئەيلە ئانداغكىم مىنىڭ،
قالماغاي نامۇسۇ نەڭ باشىمدىكى پىندادىن.
5. ئەيب ئەمەس سەرگەشتە بولسام دەشت ئارا مەجنۇن كەبى،
نىچۇك ئۆزگەيمىز كۆڭۈلنى لەيلى يەگلىغ ياردىن؟
6. يۈزىنىڭ ھەيرانىنى زۇلفى ئەسىر ئەتسە نى تاڭ،
بۇت پەرەست فارىغ ئەمەس بۇت ئىشقىدا زۇنناردىن.
7. گۇلرۇخۇڭ ئىشقىدا بولساڭ ئاشىقى سابىت قەدەم،
نۇقتە يەگلىغ، ئەي زۇھۇرى، چىقماغىل بىر كاردىن.



## 101

1. نېدىن تاشلابان كەتتىڭ ئەي نەۋجەۋان،
سېنىڭسىز يىل ئۆلدى ماڭا بىر زەمان.
2. كى قىلدىم جەھان بىرلە جانىم فىدا،
سەن ئېردىڭ كۆزۈم نۇرى جىسمىمدا جان.
3. كېچىپ خانۇماندىن، دېمىشمەن سېنى،
كىشى بولماغاي مۇنچە بىخانۇمان.
4. بەسى ھەجرىڭ ئىلكىدە چەكتىم جەفا.
دېسەم شەممە ئاندىن بولۇر داستان.
5. يامان كۆڭلۈم ئىچرە تۇتۇپسەن ئورۇن،
ئەگەرچە كۆزۈمدىن ئېرۇرسەن نىھان.
6. ۋىسالىڭ نېچەكىم نەسىب ئولماسا،
ئۆزۈڭ يادىدا قىل مېنى جاۋىدان.
7. يۈرەي ئانچە ۋەسلىڭ ھۇماسىن سوراپ،
سىزىپ ئەت تۆگەپ قالغۇچە ئۇستىخان.
8. باشىم يارسە بۇ كويدىن يانماغۇم،
ئەگەر مەنڭ ئېتەر بولسە خەلقى جەھان.
9. زوھۇرى،يېمە ئىككى دۇنيا غەمىن،
بەرادەر ساڭا كەلدى ساھىبقىران.

## 102

1. سىنى بىر كۆرماگۇم ئارتۇق تۇرۇر جانۇ جەھانىمدىن،
لەبىڭدىن تازە جان ئەيلەپ تويۇپمەن خەستە جانىمدىن.
2. بۇ ۋەيران ئىچرە قالدىم يارسىز ھەيرانۇ سەرگەردان،
نېچۈك ئۈممىد ئۈزەي كۆرمەي زەمانە مىھرىبانىمدىن.
3. ئايا ساقى، كەتۇر مەي بىر دەمى مەست ئۇلماغۇم خۇشتۇر،
ئۆزۈمدىن بىخەبەر بولماقلىغىم ياخشى-يامانىمدىن.
4. قىلىپتۇر ئوقلارىڭ زەخمى يامان جىسمىمنى رەۋزەندەك،
نېدىن كىرمەس جەمالىڭ مىھرى جىسمى ناتەۋانىمدىن.
5. يارىپ بۇ يولغە تاپماي مەقسەدىم كۆڭلۈم پەرىشاندۇر،
بۇلۇرمەن جەمئى دىل ئالسام خەبەر ئول دىلستانىمدىن.
6. نې تاڭ بۇلبۇل سىفەت ئۇششاق تەرزىدە نەۋا قىلسام،
مەشامىمغە نەسىمى يەتسە بىر دەم گۇلستانىمدىن.

①........................................

---

① دىۋانىنىڭ ئاخىرى يوقالغان.

## يەشمىسى

## غەزەللەر

### 1

1. سىرلىق بولغىنى شۇكى، ھەر كىشىنىڭ بېشىغا بىر سەۋدا سېلىپسەن، بۇ سەۋدالار ئىككى ئالەم بازىرىدا يۈزلەپ غەۋغالارغا سەۋەپ بولۇپتۇ.
2. بىر «ئەين» (ع) ئىككى «لام» (ل) ئارىسىغا كىرىپ «لەئل» (لەۋ) بولۇپ، جان بەخش قىلغۇچى سۆيىتىدە قوياش يۈزۈڭگە چۈشكەن خال بىلەن قوشۇلۇپ، ھۆسنۈڭنى مىڭ ھەسسە گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ.
3. بىر بىچارىنى ھەممە ئامانەتكە قويۇپ، خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنى زالىم ۋە نادان دەپ بىلىپ، ئىشقىڭدا شەيدا قىلىپسەن.
4. قىرىق ئىشكىلىك زۇلۇماتنىڭ بارىنى ئىشغال قىلماي تۇرۇپ، ئاللا ئاتا قىلغان ئىلىمدە دانا بولمەن دېيىش تولىمۇ نادانلىقتۇر.
5. ئامانەت بىرىلگەن ئەقىدىنى جېنىمنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئاسىرىدىمكى، بۇنىڭ تەشەككۇرى ساڭا خاستۇركى، بۇنىڭغا ھەممە شەيئىلەر گۇۋاھ بولغاي.
6. كۆپ پىتنىلەر جۇدالىق كېچىسىدە غەمگە پېتىپ، ئاي يۈزۈڭنى كۆرسەك دەپ، ئىسكەندەرگە ① ئوخشاش ئەينەك تۇتۇشۇپتۇ.
7. ئەگەر سۇلتان ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر جەندىنى كىيىۋالسا، گادايىنىڭ قۇراق تونى ئىچىدىكى بۇ شاھنى كىممۇ بىلەلەيدۇ؟!

8. جاھاندا ھەممە كىشىگە ئۆز يارى ھەمراھدۇر، لېكىن مېنىڭ يارىم كىشىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانۇ، نازلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
9. زۇھۇرى دائىم سېنىڭ زاتىڭغا شۇ قەدەر مەشغۇل بولسۇنكى، ئۆزلۈكىنى② يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نام ۋە سۈپەتلەر قالمىسۇن.

## 2

1. ئەي جان، قوياشنىڭ نۇرلىرىدىن زەررە بولسىمۇ نېسىپ قىلغىن، ئەي رىزق بەرگۈچى، ۋەھدەت③ شارابىدىن بىر تامچە بولسىمۇ تېتىتقىن.
2. جۇدالىق قايغۇسى بىلەن تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى، كۆڭلۈمگە يوشۇرۇنغان دەردلەردىن ۋاقىپ بولغۇچى دانا سەن ئۆزۈڭ.
3. قارا چاچلىرىڭنىڭ خىيالى بىلەن قارا تۈنلەردە قالدىم، يولۇمنى تاپالماي، دەيدىغىنىم: «ئىگەم ماڭا توغرى يول كۆرسەتكىن» دېگەندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.
4. ئىشقىڭنىڭ كاپىرى ئارىسىدا مەنسۇر④غا ئوخشاش زەپەر قۇچاي، دار ئالدىدا «مەن ھەقمەن» دەپ پەرياد ئۇرۇپ، گاھىدا سەندىن مەددەت تىلەي.
5. جەلالىدىن رۇمىغا⑤ نۇرۇڭدىن جۇلا بەرگىنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئاشىقلار ئىچىدە شەرەپ ۋە ئىززەتكە ئېرىشىپ، پىر-ئۇستاز بولدى.
6. لېۋىڭ ياقۇت، بويۇڭ زىبا، كۆزلىرىڭ شوخ، ئۆزۈڭ رەنا سەن، سېنىڭ سۈپىتىڭنى تەرىپلەشكە لايىقىدا سۆز تاپالمىدىم، نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟
7. ئىلاھا، بۇ زۇھۇرىنىڭ كۆڭلىدە ئۆزۈڭنى پەيدا قىل، ئۇنى

ئۆزلۈكىدىن جۇدا قىلغىنكى، ئۇنىڭ جېنىغا جەننەت مۇقەررەر بولسۇن.

## 3

1. سېنى ماختاشقا ھەددىم يوق، پەقەت ساڭا ساناقسىز تەشەككۇرلا ئېيتالايمەن، مەندە لايىقىدا سۆز بولمىسا، سېنى قايسى تىل بىلەن تەرىپلەيمەن؟
2. ۋاپاغا جاپا قىلغۇچى ئاسىي قۇلمەن، سەن ئەپۇ-كەچۈرىم دەرياسىسەن، غەمكىن قۇلۇڭنىڭ ئوقۇيدىغان دۇرۇدى: «ئەي تەڭرىم، بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلاربىز» دېيىشتىنلا ئىبارەت.
3. ئىنسانلارنىڭ ياخشىسىنىڭ مىراسىدىن مەندەك مىراسخورنى مەھرۇم قىلما، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا سىرلارنىڭ خەزىنىسى ئەمەسمۇ؟
4. ئۇلارنىڭ زاتىغا ئىشقىڭ ئوتىنى ھۇرۇپ، تىلىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى يوشۇرماستىن، جاپا-مۇشەققەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، تۇپراق ئۈستىدە بىر بۇلۇڭدا قالدۇردۇڭ.
5. ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقنى شۇ قەدەر كامال تاپقۇزدۇڭكى، ياراتقۇچىلىق قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇنى ئۆز بايلىقىڭ ئۈچۈن خەزىنە قىلىپ بىنا قىلدىڭ.
6. سەھەر پەيتىدە سوققان يېقىملىق شامال ئىشقىڭنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى، مەن بۇ ئوتتا كۆيسەم، كۈلۈمنى سورۇپ، ئىشقىڭنىڭ كوچىسىدا يوق قىلغىن.
7. كىمكى سېنىڭ ھىجرانىڭنىڭ زەھرىدىن ئازراقلا تېتىپ قالسا، ۋەسلىڭنىڭ تەرياكى (زەھەر قايتۇرغۇچى دورىسى) بولمىسا، لوقمان ھەكىممۇ ئۇنىڭغا داۋا قىلالمايدۇ.
8. جېنىمنىڭ قۇشى «ۋەتەن مۇھەببىتى» نى ياد ئېتىپ

پەرياد چەكمەكتە. غەم زىندانى ئىچىدە تەندە ئەلەم، جاندا ئازابلارنى كۆرمەكتە.

9. زۇھۇرى ۋەسلىنىڭ توغرىسىدا قانچە سۆزلىسمۇ، ھەممە سۆزى جايىغا چۈشمىدى، بۇ ئاجىز بىچارىنىڭ ھالىنى كۆرمەمسىلەر، ئۇنىڭغا ئىشق سەۋداسى تېگىپتۇ.

4

1. ئەي، سەن ئادەم بالىلىرى ئىچىدە يىگانە گۆھەر بولۇپ يارىلىپسەن، دېڭىزدىكى ھەرقانداق سەدەپتىن مەرۋايىت تېپىلىۋەرمىگەندەك، ئادەملەر ئىچىدىمۇ سېنىڭدەكنى تاپقىلى بولمايدۇ.
2. ئىشق دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىدىن تامچىلار ئۈزۈلمەي چاچراپ تۇرىدۇ، دەجلىدەك⑥ ئۇلۇغ دەريادىمۇ سېنىڭدەك تامچە تېپىلمايدۇ.
3. سەن ئالەم گۈلشىنىنىڭ خوشناۋا بۇلبۇلسەن، «رەببىڭ ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى».
4. سىناڭا ئەگەشكەنلىكىدىن مەسىھمۇ⑦ پەلەكتە ماكان تۇتتى، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىمۇ «ئاللا بىلمىگەننى بىلدۈردى» دېگەن ئايەت بىلەن بولدى.
5. ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئىشكىڭگە يۈزۈمنى سۈرەي دەپ قوياشمۇ پەلەك يۈكسەكلىكىدىن ئالەمگە يۈزلىنىپ، غەم قاراڭغۇلۇقىغا چۈشتى.
6. يەلدا⑧ كېچىسىنى نېمانچىلا قارا بولۇپ كەتتىكىن دېسەم، سېنىڭ جۇدالىقىڭ تۈپەيلىدىن ماتەم تۇتۇپ، قارا كىيىم كىيىۋالغانىكەن.
7. سېنىڭ ئىسمىڭ مۇھەببەتتىن نىشان كەلتۈرگۈچى ئەھمەد-تۇر، بۇ «ھا، مىم»⑨ ئايىتىدىن مەلۇمكى، ئالەمدە

ئۇنىڭدىن باشقا نىشان يوق.

8. بارلىق شاھلارغىمۇ، پەيغەمبەرلەرگىمۇ شاھ بولۇپ يارتىلىپسەن، خۇددى ئۇزۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشاش، باشقىلار تەن بولسا، سەن ئۇنىڭغا جانسەن.

9. توغرا يول تۇتقانلار سىنىڭ شەپقىتىڭگە ئېرىشىپ، پاك كۆڭۈل دوستلاردىن بولۇپ قالدى، نادانلار بولسا، سىنىڭ مەۋجۇدلىقىڭدىن غەمگە پاتتى.

10. قۇياشنىڭ نۇرى زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشكەندەك، يۈزۈڭنىڭ ئەكسىمۇ كۆڭلۈمگە چۈشسە، ئۇنىڭ بىلەن قەلبىمنى روشەن قىلسام دەيمەن.

11. زۇھورى سىنىڭ ئىتلىرىڭدىن مېنى ئۆز توپۇڭلارغا قېتىۋالساڭلار نېمە بولىدۇ، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ.

## 5

1. سىنىڭ چاچلىرىڭ جان گۈلشىنىمدىكى ساپ ئەمبەردۇر، يۈزۈڭنىڭ ئەكسى كۆڭلۈم بېتىدىكى بېزەكتۇر.

2. جامالىڭ بىلەن چاچلىرىڭ مېنى شەيدا قىلدى، خۇددى كېچە-كۈندۈز، ئەتىگەن-ئاخشام سايرايدىغان بۇلبۇلغا ئوخشاپ قالدىم.

3. گويىكى ھىندى بىلەن رۇمى يارىشىپ ئۆتكەندەك، چاچلىرىڭ بىلەن يۈزۈڭ كۆڭلۈمدە بىللە ئورۇن تۇتتى.

4. ۋىسالىڭنىڭ سەھەرى شامىلقلار⑩ غا نېسىپ بولغاچقا، سەمەرقەندلىكلەر بىلەن بۇخارالىقلار غەم قاراڭغۇلۇقىدا قالدى.

5. ئەگەر سىنىڭ جامالىڭ بۇ دۇنيادا جىلۋىلەنمىگەن بولسا، ئىسكەندەر بىلەن دارا⑪ نېمىشقا بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى؟!

6. مېنىڭ ئۇ لەيلى سۈپەتلىكىم بۇ چىمەندە پەيدا بولۇش بىلەنلا، ھەممە كىشىنى مەجنۇنغا ئوخشاش ئەقلىدىن ئاداشتۇردى.
7. نازۇك بەدىنىڭنىڭ ئىچىدە باغرىڭنىڭ تاشتىن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەينەك قەدەھنىڭ ئىچىدە تاش تۇرغاننى كىم كۆرگەن؟!
8. جان قۇشۇم بۇ يەردە قانات قاقسا، پەرىشتىلەر بىلەن ھۆرلەر جەننەتتە ناغرا چېلىشىدۇ.
9. ئۇنىڭ شېرىن لەۋلىرى سەن ئۈچۈن ئەزگۈ سۆزلەرنى تۆككەندە، سۆز سىرلىرىنى بايان قىلىشتا پەرھاد بىلەن خۇسراۋدا ماجال قالامدۇ؟!
10. ئەگەر ئاشىقلارنىڭ مۇقامى قولىقىغا يەتسە، زوھرە (يۇلتۇزى) ئاسماندا ئۇسسۇلچى بولۇپ پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.
11. زۇھۇرى سېنىڭ جامالىڭنى كۆرگەندە، ۋامىقتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇزرا بولسا، باغدا ھۈسنۈڭنىڭ گۈلىدىن ئۆزرە سورايدۇ.

## 6

1. جامالىڭنىڭ نۇرى جېنىمغا نەقش چېكىۋىدى، قارا چاچلىرىڭ-دىن ئىمانىمغا پەرىشانلىق چۈشتى.
2. باغدا سورۇن تۈزگەنلەر گۈلدىن گەپ ئېچىپ كۆڭلىنى خوش قىلسا، مەنمۇ كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشلارنى گۈلنىڭ مىسالى دەپ بىلىمەن.
3. ماڭا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارغا تاغ-دەريالارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، جىسمىمنىڭ بۇ خارابىسىغا شۇنچىۋالا ئاپەت كەلگەن بارمۇ؟!
4. ھىجرانىڭ بارلىق قارىمۇ قارشىلىقنى بىر يەردە قىلىپ قويغانغا يەردە، ۋىسالىڭ قانداق قىلار. مېنىڭ ئاھۇ-پىغانلىرىمدى-

مۇ ئوت بىلەن نىۇ قوشۇلغاندۇر.

5. ئاھ، قاشلىرىڭنىڭ خىيالى بىلەن قامىتىم يادەك پۈكۈلۈپ، گويا غەم قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچى قالقىنىمغا ئۇرۇلغاندەك بولدى.

6. يۈزۈمنىڭ ئاي يۈزۈڭگە قارىغۇدەك ئەھۋالى يوق، چۈنكى، جىڭگىلەك چاچلىرىڭ جىسمىمنىڭ ھەشقىپىچىكىگە چىرمىشىۋالدى.

7. سەندىن قانچىكى غەم-قايغۇلار يۈزلەنسە، ئۇ ئاشىق ئۈچۈن خۇشاللىقتۇر، ساڭا ئاشىق بولغىنىمدىن بىرى ماڭا كۆرمىگەننى كۆرسەتتىڭ.

8. جانانىم گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ سارىيىمغا كىرىپ كەلسە، ئۇ جىنىمنىڭ جانانىسىغا مىڭلاپ جىنىم بولسىمۇ پىدا قىلغان بولاتتىم.

9. زۇھۇرى بۇلبۇلغا ئوخشاش نالە-پەرياد قىلىپ: بۇ بوستاندا ساڭا ئوخشاش بىر گۈلنى كۆرمىگەندىم، دەيدۇ.

## 7

1. سىنىڭ بويۇڭ جان گۈلشىنىدە ئۆسكەن سەرۋىمۇ؟ بويۇڭغا ياراشقان يۈزۈڭ ئېچىلىپ تۇرغان قىزىل گۈلمۇ؟

2. قىپقىزىل لەۋلىرىڭ ھۆسنۈڭدىكى ياقۇتمۇ ياكى يالقۇنىڭ ئىچىدىكى چوغمۇ؟

3. كۆڭلۈمدە يورۇپ تۇرغىنى ياقۇت لەۋلىرىڭنىڭ شولىسىمۇ ياكى ئىشقىڭنىڭ ئوتىدىن تۇتاشتۇرۇلغان ئىسرىقدانمۇ؟

4. چاچلىرىڭنىڭ ھىدى پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە شەيدا قىلىدۇ، ئۇ خوتەننىڭ ئىپارىمۇ ياكى ئەمبەرمىدۇ؟

5. ئىككى قۇلىقىڭدا كۆرۈنگىنى مەرۋايىت ھالقىمۇ ياكى ئاينىڭ ئىككى يېنىدىكى يۇلدۇزلارمۇ؟

6. كۆڭلۈمگە چۈشكىنى كۆزۈڭ بىلەن كىرپىكلىرىڭنىڭ سۈرىتىمۇ ياكى ئۇلارغا قادالغان خەنجەر بىلەن نەيزىمىدۇر؟
7. بۇ ماڭا كۆز تاشلاپ ناز قىلغىنىڭمۇ ياكى ماڭا تۇيۇقسىز سانچىغان نەشتىرىڭمۇ؟
8. ئاشىقلارنىڭ رەسمىدە دەرد تارتىشنىڭ ئۆزى ئارزۇ دېيىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ جۇدالىقتا ئاققۇزغان ياشلىرى مەرۋايىتمىدۇر؟
9. كىشلەر زۇھۇرنى ئىشق-مۇھەببەتتىن لاپ ئۇردى دېيىشىدۇ، ئەي جان، سەن بۇنداق لاپقا ئىشىنەرسەنمۇ؟

## 8

1. مېنىڭ تېز يۈرەر يارىم ئاتلىنىپ چىقىپ كەلسە توپا-چاڭدا قالمىسۇن دەپ، كۆزلىرىم ئۇنىڭ يوللىرىغا ياش تۆكۈپ، ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىدۇ.
2. ئۇنىڭ جامالىغا زار بولۇپ، چىمەنلىكتە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغۇچىمەن، گۈل يۈزى تامان كۆز تىكىپ كىرپىكلىرىم ئاڭا تىكەن بولدى.
3. ئۇنىڭ نازۇ-كەرەشمىلىرىنى كۆرۈڭ، چېچىنىڭ جىڭگىلە كىلدىرى، رەھىمنى توزاققا چۈشۈرۈپ، مېنى ئۇنىڭغا زار قىلىپ قويدى.
4. ھىجرانى بىلەن كۆڭۈلنى سۇندۇرۇپ، ۋىسالىنىڭ يادى يەنە ئۆلدىمىكىن، ئۇنى ئۇلاغ قىلىپ مىنەمەدىكىن؟
5. بۇ چاچلار ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا باھارنىڭ سۈنبۈلى بولۇپتۇ، ئۇنى يېپىپ، سايە تاشلىسا گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇرىقىدىن دىماغلار يېرىلىدۇ.
6. ئۇ تېز يۈرەر ئېتىنى بۇ باغلار ئىچىگە چاپتۇرۇپ كىرسە،

ئىككى كۆزۈمنى ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىغا چاچقۇ قىلىپ چاچقان بولاتتىم.

7. يارى ئۈچۈن زۇھۇرى بېشىدىن كەچسە، ئۇنىڭ نېمە ئەيىبى بار؟ يارى-يوقىنىڭ ھەممىسىنى پىدا قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈز قېتىملاپ ئىپتىخار ئەمەسمۇ؟!

## 9

1. مەن كۆزلىرىمنى شۇنداق بىر ئارزۇ بىلەن قۇدۇققا ئايلاندۇرسام، سەن بۇ قۇدۇققا كەنئانلىق يۈسۈپتەك⑫ چۈشۈپ كەلمىدىڭ.
2. بۇزۇھۇرى سېنىڭ جامالىڭ ھېيتى ئۈچۈن جېنىمنى ساڭا قۇربان قىلىپ، ئۇنى سېنىڭ ئاشىقلىرىڭغا نەزىر قىلدۇ.

## 10

1. ئەي ساقى، بىر ئاي يۈزلۈك ئۈچۈن مېنى شاراپخور قىلىۋەتكىن، ئۇنىڭ جاڭگىلىنى مەن سەۋدايى ئۈچۈن ماكان قىلغان.
2. ئەي نەسىھەتچى، مېنى دىن تەرەپكە تەكلىپ قىلىپ تولا سۆزلىمە، چۈنكى، بۈگۈن مەن مەس تۆۋىنى تەرك قىلىپ مەس بولدۇم.
3. ئەي سوغۇق نەپەس شەيخ، مېنى كۆرگەندە بۇرنۇڭنى تۇتما، تەقدىر شارابى مېنى بۇرۇن مەس قىلدى.
4. ماڭا يارىمنىڭ قوشۇما قاشلىرىدىن كۆپ زەخمەتلەر كەلدى، ئۇ، زەخمىلەرنىڭ دەردىگە ئۈزۈلدۈرمەي شاراب

ئىچ دىگەن ئوخشايدۇ.
5. مىنى مەيخانىدا ساقى بىلەن سازەندە شاراپخور قىلىپ،
قەدەھ بىلەن ئاجرالماس قىلىپ باغلاپ قويدى.
6. ئۇ شوخ پەرى، چاققان دىلبەر كىرىپ كېلىپ، شەيخلەرنىڭ
بەزمىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.
زوھورى، سەن بۇ ئىككى يۈزلىمچى شەيخلەرنىڭ يولىغا
7. كىرمە، مەيخانىچى سېنى بىرلا قەدەھ بىلەن مەست
قىلغۇسى.

## 11

1. قەددى نازۇك بۇ يىگىت مېنىڭ جېنىمدا كۆكلەپ تۇرغان
سەرۋى كۆچىتى، ئۇ يىگىت كۆڭلۈمگە ئوت سالدى ۋە
ئوتلۇق كۆڭلۈمگە ئىبراھىم خەلىلۇللا⑬دەك كىردى.
2. ھۆسنىنىڭ گۈلزارلىقىغا كىرىپ، گۈللىرىنى پۇرىسام، ئۇ
كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان يىگىت گۈل ھىدى بىلەن
مەست قىلىپ قويۇپ، مەندىن قاچتى.
3. ھىجرانىدا ئۇنىڭغا ۋامىق⑭قا ئوخشاش ھەرقانچە زار
بولسامۇ، بۇ ئۈزرا⑮غا ئوخشايدىغان يىگىت خۇددى
غۇنچىدەك كۆزلىرىدىن نىقابىنى ئالمىدى (ماڭا قاپىقىنى
ئېچىپ قاراپمۇ قويمىدى).
4. ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يىگىت مېنىڭدەك بىر دىۋانىگە
خۇددى پەرىزاتتەك جىلۋە كۆرسىتىپ، ھەرقاچان كۆڭلۈمنى
ئۇتۇۋالىدۇ.
5. ئۇ پەرىشتىگە ئوخشايدىغان يىگىت نىمانچە سېھرى نەپەس
ئىدى، جىسمىمغا ھۆرۈپ قويۇۋىدى، ماڭا ئۇنىڭ ئاجايىپ
يۈكلىرى يۈكلىنىپ قالدى.
6. ئۇنىڭ سېھرى بىلەن ھەر كۈنى ئۈچ گوروھ لەشكەر

باستۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى جاللاتقا ئوخشىسا، لەۋلىرى جان بېغىشلايدۇ.

7. مەن ئۆتەر يولىدا ئۆزۈمنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ ئۆلۈپ ياتسام، بۇ يىگىت ئۇستۇمدىن شاش ئېتىنى دەسسىتىپ ئۆتەرمۇ؟

8. ھىجرانىدا، كېچە-كۈندۈز زار بولۇپ، كۆزلىرىمدىن قان تۆكسەممۇ، بۇ بىپەرۋا يىگىت مېنىڭ ھالىمغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى.

9. ھەر تاڭ پەيتىدە ئۇيقۇنى تەرك قىلىپ، سانسىز ئاھۇ-پەرياد-لار چەكسەڭمۇ، ئەي زۇھۇرى، بۇ مىرزا يىگىت ساڭا ئېمىشقا رەھىم قىلمايدىغاندۇر؟

## 12

1. مەن بىچارىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىشقىدا زامان ئەھلى ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، بارى-يوقۇمدىن ئايرىپ ۋەيران قىلىۋەتكىن.

2. جىگەر قانلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى، ئوقلىرىڭنى جېنىمغا ئېتىپ، ئۇنى سەرۋىگە ئوخشاش قېنىم بىلەن سۇغارغىن.

3. كۆكرىكىمنى ئوقلىرىڭغا نىشان قىلىپ تۇتۇپ بەردىم، قوشۇما قاشلىرىڭنى ئۇنىڭغا كامان قىلغىن.

4. جان قۇشۇم پەرۋاز قىلماقنى تىلەيدۇ، ئۇنى چەكسىز بوشلۇققا پەرۋاز قىلدۇرغىن.

5. بارى-يوقۇمنىڭ ھەممىنى ساڭا چاچقۇ قىلىۋېتەي، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، يەنە جېنىمنى ئالماقنىڭ قەستىدە بول.

6. مېنى تاكى قىيامەتنىڭ تاڭلىرىغا قەدەر مەست قىلىپ، ئاشۇ كۈنى كۆزۈڭ نۇرى بىلەن مەسخۇش قىلغىن.

7. زۇھۇرى خىيالىڭدىن بىردەم خالىي بولىدىغان بولسا، كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپلا (ئۇنى ئۆلتۈرگىن-دە) قوللىرىڭنى قان قىلغىن.

## 13

1. مەۋجۇتلۇقنىڭ باشقا ئۇنىڭ ئاشكارە بولغان بىرەر سۈپىتى يوق، كۆرۈنمەيدىغان ھەرقانداق زات ئۇنىڭ سۈپىتى بولالمايدۇ.
2. ئىشق دېڭىزى دولقۇنلىنىپ قەترىلەر بۇلۇتنى پەيدا قىلدى، شۇ سەۋەبتىن، كائىناتمۇ ئۆز كۆرۈنىشىنى يوشۇرۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى.
3. مەن غەپلەتتە قاپتىمەن، ئەمما سەگەك كىشىلەر دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇد نەرسىلەرنىڭ پەرياد كۆتەرگەنلىكى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىشتى.
4. ياراتقۇچى ئۇ خەتتات بۇ دۇنياغا جان بېغىشلىغۇچى بىر گۈزەل سۆز يېزىپ قويۇۋىدى، ئاسماندىن دېڭىزغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق جانلىقلار ھاياتلىققا ئېرىشتى.
5. بىزنى سەرگەردان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆسنىنى يوشۇردى، كۆڭۈللىرىمىزنى ئەينەك قىلىپ، ئۇنىڭغا جامالىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈردى.
6. مېنىڭ بۇ قاراڭغۇ كۆڭلۈمگە كېلىپ تەگكەن ئۇقلىرى خۇددى جۇدالىق توغرۇلۇق خەت يازماقچى بولغان قەلەمنى قاراسىيا توشقۇزۇلغان دۈۋەتكە چىلاپ قويغانغا ئوخشايدۇ.
7. كۆزۈمنىڭ قارچۇقىنى قارا سىياھ قىلىپ، ئۇنىڭغا خەت يازسام، سەھەرلەردە چەككەن ئاھلىرىمدىن چىققان شاماللار قانات بولۇپ، خېتىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرەر.
8. ھەرقاچان جېنىمنى پىدا قىلسام، ئۇ ناز قىلىدۇ، ئۇ جېنىمنى

جۇدالىقتىن قۇتۇلدۇرغان بولسا ئىدى، كاشكى.
9. زۇھۇرىغا پەقەت يارىنىڭ دەردىلا لەززەت بېرەلەيدۇ، ھەسەل بىلەن قەن-ناۋاتمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىمايدۇ.

## 14

1. ئەي خۇدا، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ شەھىرىنى ئامان قىلغىن، ھەممە ئاشىقلىرىڭنى چېچەن، سۆزمەن قىلغىن.
2. كۆڭلۈمگە سۈيۈرگە بەرگىن، ئۇنى ھەممە ئوي-خىياللاردىن پاك ئەيلە، ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزۈڭلا ماكان تۇت.
3. مېنى دائىم ئۆزۈڭنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان تىلەمچىگە ئايلاندۇرۇپ، ماڭا دوستۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن نىشان كۆرسەتكىن.
4. تولا بويۇن تولغاپ، يۈز قارىلىق قىلدىم، ماڭا قارا يۈزلەرنىڭ بەلگۈلىرىنى ئايان قىلىپ بەرگىن.
5. دوستۇڭنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى، مېنى ئەپۇ قىلىپ، ماڭا رەھىم قىل، سۈپەتلىرىڭنى بايان قىلىپ بەر.
6. كىمكى سېنىڭ رەھمىتىڭگە سازاۋەر بولىدىغان بولسا، زۇھۇرىنى ئۇنىڭغا يولداش قىلغىن.

## 15

1. ئەي كۆڭۈل، يار باشقىلارنىڭ بەزمىسگە بېرىلىپ كەتتى، قان-ياشلىرىڭنى تۆككىن، ئىككىمىزگە ھىجران دەردىلا نېسىپ بولۇپتۇ.
2. ۋەسىل بەزمىسدە سازەندە سازىنى چېلىپ، ناۋا تۈزدى، ئاھ، يارىنىڭ لەۋلىرىگە ئۇ ئېرىشتى، مەن بولسام، جۇدالىق تۇپرىقىدا خارلاندىم.

3. ئۇنىڭ ئىزىنىڭ توپىسىنى كۆزۈمگە سۈرمە قىلاي دەپ ھەرقانچە تەلمۈرسەممۇ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭ كۆزۈمنىڭ ئەتراپىغا قونمىدى.
4. مۇبادا بىر ئاقىل جاھاندىن ماڭا ئوخشاش شەيدا بىلەن ئۇ ياردەك بەڭۋاش مەستنى ئىزلەيدىغان بولسا، ھەرگىز تاپالمايدۇ.
5. ئەي ساقى، ئەمدى ماڭا مەستلىكتىن باشقا چارە قالمىدى، مەن مەيپەرەست بولدۇم، مەيخانا ئەھلىگە بۇ توغرۇلۇق خۇشخەۋەر يەتكۈزگىن.
6. مەي دېڭىزى ئىچىدە غەرق بولۇپ يوقىلاي، مەندىن نىشانمۇ قالمىسۇن، ئەي زاھىد، ئۇ مەينىڭ كۆپۈكى مېنىڭ سەللەم بولسۇن.
7. ئەي زۇھۇرى، ئەگەر مەزھەرى ساڭا يار-يۆلەك بولسىلا، ماھارىتىڭ بىلەن ئىبادەتگۇيلارنى مەغلۇب قىلالايسەن.

## 16

1. نېمە دېگەن قارا قايغۇ بۇ، سىرداش دوستۇم ماڭا جەۋر قىلدى، ئەي كۆڭلۈم، غەمنىڭلا دوستى بولغىنا، مۇندىن كېيىن ھەرگىز دوست تۇتما.
2. ئاھ، مەن بىچارىگە دائىم دوستتىن ئازار يەتمەكتە، شۇڭا كۆڭلىرىم ئەل ئىچىدە ھەر كېچە يىغلاش بىلەن ئۆتسە، نېمە ئەيىب؟!
3. ئۇنىڭ ۋىسال بېغىدىن گۈل ئىزلىسەم، جۇدالىق مېنى خار قىلدى، مېنىڭ خار بولۇشۇمغا گۈلنىڭ تىكەن بىلەن دوست بولۇشى سەۋەب بولدى.

4. هەر كېچە قىلىۋاتقان نالەمدىن باشقىلارغا ئۇيقۇ يوق، شۇنچە دەردمەن بولدۇم، يەنىلا دوست ئويغانمىدى.
5. دوستلار بەزمىدە مەي كۈپىنىڭ تۈۋىدىن ئورۇن ئېلىپ، چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك پىرقىراپ يۈرسەم، بۇنىڭدىن دۈشمەنلىرىم كۈلسە، نېمە ئەيىب؟!
6. ئەي مەزھەرى، ماڭا دوست بولۇپ، قولۇمنى تۇت، كىمكى ساڭا ئوخشاش دوستقا ئېرىشسە، پۈتۈن ئالەم دۈشمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە غەم؟!
7. ئەي زۇھۇرى، بۇ دۇنيانىڭ مېھرىگە باغلىنىپ قالما، ئۇ ھىيلىگەر دۈشمەن ھېچكىمگە دوست بولۇپ باقمىغان.

## 17

1. ئۇنىڭ قامىتى جېنىمدا سەرۋىدەك ماكان تۇتسا، كۆڭلۈمدە قىيامەت قايىم بولىدۇ.
2. سەن جېنىمنى پىدا قىلدىم دەپ تولا مەغرۇرلانما، چۈنكى ئۇ قامىتى كېلىشكەن يار ساڭا زۇلۇم قىلىشتىن قىلچە ئەپسۇسلانمايدۇ.
3. ئۇ مەپتۇنكار كۆز جاھانغا ئاجايىپ توپىلاڭلارنى سالدى، بۇ توپىلاڭلاردىن ئۇنىڭ ئۆز قامىتى ئامان بولغاي.
4. ئۇنىڭ چەك-چېگرىسىنى كۆرمەكنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيمەن، بۇنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭغا نە كۆزۈم يېتىدۇ، نە كۆڭلۈم؟
5. زۇھۇرى، ئۇنىڭ قامىتىنى ئارزۇ قىلساڭ، جاپاكەش بول، ئۇنى جاپادا قارار تاپىدۇ دېيىشىدۇ.

## 18

1. ئۇ بىپەرۋا قاتىل يەنە ناز بىلەن كۆرۈنۈپ، جان بىلەن كۆڭۈل مەملىكىتىمنى چاققانلىق بىلەن ئالدى.
2. جاننى ئۇنىڭغا پىدا قىلغان كۆڭلۈم ئۇنىڭ قانچىلىك زالىم، قاتىل ۋە ھەۋەسمەن دىلبەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدى.
3. ئىچەرمەنلەر ئەقلىنىڭ پىرىگە دەخلى يەتكۈزدى، ئۇ ئەقىللىق يىگىت بەزمىدە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى.
4. ئىپپەتلىكلەر ئۇنىڭ ۋىسالىنى ھەۋەس قىلدى، لېكىن بۇ يىگىت پاكلارنىڭ ماكانىدىن ئۆزىنى پاك تۇتتى.
5. ياقىلىرى يىرتىلغان، ئۆزى ھاياسىز، بەلكە زۇننار⑯ ئاسقان ئۇ يىگىت كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلماقچى بولۇپ ياقىسىنى يىرتىۋاپتۇ.
6. ساڭا دەرد-ئەلەم يەتسە يەنە شۈكرى قىل، چۈنكى، كۆڭۈل غەملىرىدىن بۇ يىگىت ئاجايىپ خۇشال بولىدۇ.
7. ئەي زۇھۇرى، بۇ يىگىت توغرىسىدا سۆزلىسەڭ تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئۆزى بىر قىيامەتتۇر.

## 19

1. ئۇنىڭ جاللات كۆزلىرى ئاجايىپ ئوقيا ۋە قىلىچلارنى ئىېسىۋالغاچقا، ئوق يامغۇرىنىڭ غېمىدە، جان توغرىسىدا قىلغۇدەك گەپمۇ قالمىدى.
2. ئەگەر جانان جانغا مۇھتاج بولغان بولسا، ئۇنى ئايايدىغان يېرى يوق، ئەگەر پادىشاھدىن پەرمان بولسا، ئۇنى رەد قىلىشقا پۇقرانىڭ نىمە ھەددى بولسۇن؟!
3. بەگگى دىۋانە ئانىنىڭلا گېپىنى قىلغاندەك، ھاياتلا بولسام،

ئۇنىڭ ئىشقى توغرىسىدىلا گەپ-سۆز قىلىمەن.

4. تەلۋىلەرنىڭ سورۇنىدا ئاقىل بەكمۇ يات بولۇپ قالىدۇ، يات ئاقىلدىن گەپ سورىغىنكى، نادانلاردىن ھەرگىز سورىما.

5. ئەي زۇھۇرى، جانان ئۇچۇن جىسمىڭ بىلەن جېنىڭنى ئاسرا، جانانىدىن گەپ-سۆز كېلىۋېدى، تېنىڭگە جان كىرىپ قالدى.

## 20

1. مېنىڭ مەس بولۇشۇمغا ئۇ كۆزلىرى مەي رەڭلىك گۈزەل سەۋەبچى بولدى، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشىممۇ لەۋلىرىنىڭ سېھرىدىن بولغان.

2. گۆدەكلەرنىڭ تاش ئېتىشىغا مەجنۇنلۇق سەۋەبچى بولغانىدەك، شۇڭا پەلەك بېشىمغا تاشلار ياغدۇرسا ئەيىب ئەمەس.

3. ماڭا ئاخىر غەم كەلسە ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى مېنىڭ تەلىيىم شۇنداق، «سۆيۈملۈك ۋەتەن» دەپ كېلىشىمگە مۇشۇ غەمكىنلىك سەۋەبتۇر.

4. بۇ جاھاندا مەي ئىچىشكە مەيلىم يوق ئىدى، مېنىڭ شوخ قىلغۇچى شاراب ئىچىشىمگە ئۇ كېلىشكەن، ساقى سەۋەبكار.

5. نېمە ئىش ئىكىن، ئۇ يارىم بەزمىدە چالغۇچىلارنى يىغىۋاپتۇ، چۈنكى، مېنىڭ يامان كۆڭلۈمنى ئالدىغانغا ياخشى ئاھاڭلار سەۋەبچى.

6. يارنىڭ ھىجرانىدا، مىڭلاپ-تۈمەنلەپ ئەپسانىلەرنى سۆزلىسەم، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، خەلق ئىچىدە پەرىنى بەنت قىلىش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇيدىغان ئادەت بارغۇ.

7. زۇھۇرى، رەقىبىڭنىڭ قىلغانلىرى ئېيتقانغا تۇگىمەيدۇ، مېنىڭ ھىجران ئىچىدە قىلىشىمغا شۇ لەنىتى سەۋەبچى بولدى ئەمەسمۇ!

## 21

1. جانىنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن شىرىن سۆز يېتىپ كەلدى، قۇلاقلار بۇ يوسۇندىكى ياخشى سۆزلەرنى ھېچقاچان ئاڭلىغان ئەمەس.
2. ئەي ساقى، ئىشرەت مەيىنى تۇتقىن، چالغۇچى سازىڭنى چال، بەزمىمىزدە بىردەم غەمكىن سۆزلەر بولمىسۇن.
3. ئەي ناخشىچى، بىردەم غەزەلخانلىقىڭنى يەنىمۇ كامالىغا يەتكۈزگىن، بۇ يەردە خالايىق-پالايىق دېگەنلەردىن گەپ-سۆز بولۇنمىسۇن.
4. ئەي زاھىد، ئاغزىڭنى يۇم، مەن دىنسىزلىقتا ھەددىمدىن ئاشتىم، مۇسۇلمان كاپىر بىلەن سۆزلەشسە تازا ياخشى ئەمەس.
5. ئەي نەسىھەتچى، باھار شامىلى چىقماي تۇرۇپ قۇيۇن تۇپراقنى ئۇچۇرغاندەك سەنمۇ كۆز بويايدىغان گەپلەرنى قىلما.
6. مەن ئەسلىدە كۇپرلىقتىن بىزار بولسامۇ، يەنىلا كۇپرلىق ئەقىدىسىدىن ۋەز ئېيتىپ كەتتىم، دىنىنى تونۇمايدىغان كىشلەر ئالدىدا، تازىمۇ تەكەببۇرانە گەپلەرنى سۆزلەپ تاشلىدىم.
7. ئەي زۇھۇرى، قانچىلىك سۆز تاپساڭ، ئۇنى مەزھەرىگە يوللاپ بەرگىن، ئۇ سېنىڭ بۇ نەزمەڭگە ھەرقاچان ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

## 22

1. كۆڭلۈمدىكى ئۆتكۈر ئارزۇ-ئىستەكلەرنىڭ ئوتى يالقۇن بىلەن ۋە لالەرەڭلىك مەينىڭ چىرايلىق يۈزدە لاۋۇلداپ تۇرغان تەپتى بىلەن بەسلىشىپ كۆيۈۋاتىدۇ.
2. خۇددى جاللات جان ئاتا قىلغۇچى ياقۇت لىۋى بىلەن بەسلەشكەندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى جان بېغىشلىسا، كۆزلىرى جاللات بولۇپ جېنىمنى ئالىدۇ.
3. ئىشق ياسىدىن ئېتىلىپ يۈرەككە كېلىپ تەگكەن ئوقنىڭ كۆپلىكى جۇدالىقنىڭ يەلدا تۈنىدە يۇلتۇز بىلەن بەسلىشىدۇ.
4. مەشۇقنىڭ ھىجرانىدا مېڭەمگە قان قويۇلدى، ئۇ كىرپىكلىرىنى نەشتەر قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى داۋالايدۇ.
5. جامالىڭنىڭ نۇرى كۆڭۈل ئەينىكىگە چۈشسە، ئۇ يول باشلايدىغان چاغدا تولۇن ئاينىڭ نۇرى بىلەن بەسلىشىدۇ.
6. ھىجران كېچىسى يەلدا تۈنى بىلەن جېدەل قىلسا، جۇدالىق كۈندۈزىمۇ قىيامەت كۈنى بىلەن دەتالاشقا چۈشىدۇ.
7. ئۇنىڭ قەددى باغنىڭ ئىچىدىكى سەرۋىنىمۇ بېسىپ چۈشتى، ئۇ جەننەتنىڭ باغلىرىدىكى ئارچا بىلەنمۇ بەسلىشەلەيدۇ.
8. مەزھەرى بىلەن ئۇنىڭ ماھارىتى دائىم بەسلەشكەندەك، بۇلبۇل بىلەن تۇتىمۇ ئۇنىڭ تاتلىق لەۋلىرىنى تالىشىۋاتىدۇ.
9. ئەي زۇھۇرى، جېنىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالدى، سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يوسۇپ خەنجەر بىلەن بەسلەشمەكتە.

## 23

1. نېمىشقا جاھان خەلقىگە ھەممىلا سىرىڭنى پاش قىلىدىغانسەن، كىم ساڭا دوست بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ يەنە دوستى بار ئەمەسمۇ!
2. ھىيلە-مىكرنى مەيگە ئوخشىتىپ بەرسە ئىچىپ سالما، ئىچىپ قويساڭ، بىر كۈن ساراڭ قىلسا، ئۈچ كۈن كېسەل قىلىدۇ.
3. ھەقىقەت مەيلىرى تۇغرۇلۇق ئازراقلا خەۋەر تېپىپ قالساڭ، تەقۋادارلىق زاھىدلىقنى تاشلاپ، مەيخانە ئەھلى تەرەپكە بار.
4. شاراب ئالىدىغانغا سەندە پۇل بولمىسا، بۇ زۇھۇرنىڭ سەللىسىنى گۆرۈگە قويساڭ بولىدۇ.

## 24

1. نېمە ئۈچۈنكىن، بۇ باغرى تاش مېنى ھىجران ئىچىگە تاشلاپ قويدى، ئۇ قۇياشىم غەملىرىمنىڭ بۇ كېچىسىدە مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ قويدى.
2. ھىجران تۈنلىرى بېشىمغا يۈزمىڭلاپ بالا تاشلىرى ياغدى، كۆز ياشلىرىم بۇ تاشلارغا قان بولۇپ ئاقسا، قانلار ئىچىمدىن ياش بولۇپ تۆكۈلىدۇ.
3. ئەگەر سەن ئۇ شوخنىڭ چاچلىرىنىڭ چەۋگانىدا ئىككى توپنى كۆرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ بىرى غەمنىڭ قاتتىق تېشى، يەنە بىرى مېنىڭ سەرگەردان بېشىم.
4. جېنىمنى ئالغىن دەپ يالۋۇرسام، ئۇ جانانىم بەكلا ناز قىلىۋاتىدۇ، ئۇ، ئالمايمەن دەيدۇ، مەن، ئالىسەن دەيمەن،

بۇ ئىككى ئارىدا جېنىم تالاشتا قالدى.

5. ئۇ يارنى سېنى تاشلاپ باشقىلار بىلەن كېتىدۇ دېمەڭلار، مۇئداق دېيىشمگە ئۇنىڭغا بۇرۇندىنلا قىلغان پەرۋىشىم سەۋەب بولالايدۇ.

6. بىر باغۋەننىڭ بېغىدا، بىر ئېرىقتا قوشۇلۇپ ئاققان سۇ بولغانىدىم، ھىجراننىڭ كۆز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، مېنى سارغايتقان ئاشۇ باغدىشىمدۇر.

7. كۆڭلۈمگە يوشۇرۇلغان يارنى جاھان خەلقىگە ئاشكارىلاپ قويغىنى ئوتلۇق ئاھىم بىلەن سېرىق يۈزۈم ھەم كۆز ياشلىرىمدۇر.

8. ئىشقىنىڭ دەشتىدە، ئىتلار قاۋاپ مېنى توسقانىدا، ئۇلار مېنىڭ مىسكىن قاياشلىرىم، زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن ندا كەلدى.

9. مېھرابىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمدە ئۇ شوخنى كۆرگىنىمدە، ئۇ: بۇ ساڭا ئايان بولغىنى كۆز ۋە قاشلىرىم دېدى.

## 25

1. تامچە-تامچە ياشلاردىن ئىككى دەريا پەيدا بولدى، بۇ ئىككى دەريا ئىچىدە مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەر پەيدا بولدى.

2. ھىجراننىڭ غېمىدىن كۆز ياشلىرىم دائىم قان بولدى، يۈزۈم سارغايغانچە، ئىككى مەڭزىم ئانار چېچىكى رەڭگىگە كىرىپ قالدى.

3. ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى بولغان قارا چاچلار ئۇلارنىڭ بوينىغا ھالقا، بىلىگە زۇننادۇر.

4. بارچە ئەل دەۋا ئىستىسە، ئاشىقلار دەرد ئىستەيدۇ، ئاھ،

ئاشقلارنىڭ دەردىنى بىللە تارتىشىدىغان دىلدارى بولسا ئىدى!
5. دەردسىزلەرگە تىرىكلىك سۈيىدىن ئىچۈرسىمۇ، ئۇلار بىر كىسەككى، ھېچ قايەردىن خەرىدار چىقمايدۇ.
6. دەردلىكلەرنىڭ داۋاسى يارنىڭ جامالىدۇر، دەردسىزلەر خۇددى شاھمات ئويىنىدىكى رۇخ (توپ)نى مات قىلىشقا ئۇرۇنغان شاھتۇر.
7. مېنىڭ ئۇ قۇياشىمنىڭ ئايان بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ جامالىنىڭ ۋەسلىدە يۈزلەپ نۇرلار پەيدا بولسا، ھىجرانىدا مىڭلاپ دوزاخلار بار.

## 26

1. ئۇنىڭ ئاي يۈزىگە قاراپ، قاشلىرىدا ئىككى ئوقيا كۆردۈم، ئاتسۇن دەپ كۆكسۈمنى نىشان قىلىپ تۇتۇپ بەرسەم، ئۇ ناز قىلدى.
2. ئىككى يا تارتىپ بىر ئوق ئاتماق ھېچقانچە مۈشكۈل ئىش ئەمەس، يار بىر ئوقنى ئاسانلا ئېتىپ، جاننى ئارام تاپقۇزىدۇ.
3. ئىلاننىڭ دەم تارتىشىدىن قوچقاچلار ۋىچىرلاشقاندەك، جان قۇشىنى سېھىرلەيدىغانغىمۇ ئۇنىڭ ئىككى ئەجدىھاسى بار.
4. ئۇنىڭ چاچلىرى تۇزاق، خالى دان، يۈزى ئوۋچى بولغاچقا، جان گۈلشەنىدە قۇشلار ھەر تەرەپتىن غەۋغا كۆتۈرىدۇ.
5. جېنىم ئۇ شوخ زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلمايدىغان ئوخشايدۇ، جېنىمنى ئورۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ئىپىدا (قېشىدا) بىردىن ئورغىقى بار ئىكەن.

6. جاننى كۆرمەك بۇ ئالەمدە ھەممىگىلا يوسۇن ئەمەس،
جانىنىڭ ئىچىدە ماكانى تۇرسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن
يوشۇرۇنمىسۇن!
7. ئۇ ئاي ئۆزىنىڭ يۈزىنى قاشلىرى، خالى ۋە چاچلىرى
ئىچىگە يوشۇرغاچقا، كارۋانلار ئاي قاراڭغۇسىدا يولدىن
ئېزىپ كەتتى.
8. ئىشق ئېتىنغا مىنىمگۈچە يولنى بېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ،
چۈنكى بۇ يولنىڭ تىكەنلىرى بىلەن قىرلىق تاشلىرى
بار.
9. ياردىن بۇ دۇنيادا نام-نىشانە بولمىسا نېمە
ئۈچۈن ئۇنى بىلمەيدىغان لاچىنلار ئۇنىڭغا
ھەۋەس قىلىدۇ؟

## 27

1. ئۇ يارىمنىڭ مەندىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىگە
ئۇزاق بولدى، ئۇ كۆزۈمدىن قانچە غايىب بولغانسىرى
كۆڭلۈمدىن شۇنچە چىقمايۋاتىدۇ.
2. ئۇنىڭ كويىدا، ھەر تەرەپكە مەجنۇنغا ئوخشاش باش
قويسام، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ
ئۇ لەيلىمنىڭ چىرايى قۇياشقا ئوخشاش ھەممە يەردە
كۆرۈنىپ تۇرىدۇ.
3. ھەمىشە ۋىسال سەھىرىنىڭ ئۈمىد بۇرجىكىگە تەلمۈرىمەن،
بىراق ئۇ قۇياشىم شەرقتىن كۆتۈرۈلمەي، نېمە ئۈچۈن
بىر جايدا تۇرۇۋالدىغاندۇر؟
4. ھىجراننىڭ بۇ كېچىسىدە، سىردىشىم دەرت، ئۆلپىتىم غەم
بولدى، جۇدالىقنىڭ زەربىسىنى سۆزلەپ كەلسەم، ئۆمرۈم
قىسقىلىق قىلىدۇ.

5. ئەي تەڭرىم، مېنىڭ ھىلالىمنى پارلاق ۋە تولۇن قىلغىن، چۈنكى، قۇياش كېچە-كۈندۈز سېنىڭ يولۇڭدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.
6. ئىبراھىم خەلىلۇللا كۆيگەندەك، بارلىق مۇلازىملار سېنىڭ فىراقىڭنىڭ ئوتىدا كۆيدى، ئۇلار يەنە مەنسۇر ھەللاجدەك سورۇلۇپ كەتسە، ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.
7. بىر كەمتەرىن خادىم ئۇنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ تۈگىتەلمەيدۇ. ئۇ ئەبۇلمەنسۇر شۇجائىدىن بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ يولىورۇقلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە ناھايىتى ماھىر.
8. ئەي تەڭرىم، شاھ ئەمىر تىمورنى دۇنيادا تەڭداشسىز قىلغانىدەك، شاھ يۇسۇپنىمۇ ئادالەتنىڭ تەختىنى ئاتا قىلغىن.
9. ۋىسال كۈنلىرىدە شادلىق مەيدىن بىر قەدەھ نىسىپ ئەتكىن، ھىجران دەردىدىن زۇھۇرىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئازار يىدى.

## 28

1. دىلبەر مېنى ھەيرانلىقتا سېلىپ جۇدالىق تېغىغا تاشلىدى، ئۆزى بولسا، باغلاردا خۇشال-خۇرام، راھەت-پاراغەتتە ئۆتمەكتە.
2. مېنى كاككۇكتەك تاغۇ دېڭىزلاردا زارلىتىپ قويۇپ، ئۇ گۈزەل سەرۋى ئۆزى زەينەپكە ئوخشاش باغنىڭ ئىچىدە سايراپ يۈرىدۇ.
3. جېنىمنىڭ قۇشى بۇ قەپەزنىڭ ئىچىدە پەرياد قىلسا ھېچ ئەجەپ ئەمەسكى، ئۇ، جېنىمنىڭ بۇ تۇتىسىغا قىزىل لەۋلىرىدىن شېكەرنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويغان.
4. ئۇ لەۋلىرى سېھىرلىنىك يامان كۆڭلۈمنى ئالغاچ كەتتىيۇ،

كېسەل جېنىمنى ئالمىدى، مەندەك بىر بىچارىگە رەھىم قىلمىدى.

5. جۇدالىقنىڭ زەربىدىن كۆڭلۈمگە غەم تىغى ئورنىشىپ قالسا، بۇ تاغنى ئۇ پەرى سۈرەتلىك ئۆزىنىڭ تىل مىننىنى بىلەن فەرھادقا ئوخشاش يارىدۇ.

6. ئۇنىڭ ئاي يۈزى كۆڭلۈمدە كۆرۈنگەندە، گويا ئاينىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلار بالقىغاندەك ياش تۆكىمەن.

7. ئەي زۇھۇرى، سېنىڭ ئىشقىڭ كامالەتكە يەتمىگەن بولسا، راستچىل مەزھەرى نېمە ئۈچۈن سېنىڭ پەيدا بولغىنىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ؟

## 29

1. ھۆسن بېغىدا ئېچىلغان بىر رەنا گۈلمۇسىز، ياكى كۆك ئاسمان گۇمبىزىدە جاھاننى كەزگۈچى ئايمۇ؟

2. دىدارىڭىزنى كۆرەلمەستىن، كۆزۈم قارىغۇ، ئەقلىم ھەيران بولدى، سىز ئۇلۇغ ئالەم كۆكىدىكى نۇر چاچقۇچى قۇياشمۇسىز؟

3. باغنىڭ ئىچىدە، سىزگە ئوخشاش گۈزەل ۋە نازۇك گۈلدىن يەنە باشقا بىرنى كۆرمىدىم، سىز جاننىڭ ئىچىدە كۆكلەپ تۇرغان سەرۋى ئۈستىدە ئېچىلغان قىزىل لالەمۇ؟

4. ھۆسن بېغىدا سىزدەك گۈل ۋە نازلىق سەرۋى بارمىكىنە، سىز سەرۋىدە ئېچىلغان نەغەز گۈلمۇ ياكى سىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىڭىزمۇ؟

5. مۇنچىۋالا ئۆزىڭىزگە تارتىپ ھەممىنى مەجنۇن قىلىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ ئۆزىڭىز چاققان، دىلىڭىز تاش، شىكەر

لەۋلىك يارمۇسىز؟

6. ئىشق كامالەتكە يەتسە، ئاشىق بىلەن مەشۇقنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ، سىز باغدىكى گۈلمۇ ياكى شەيدا بۇلبۇلمۇ؟

7. مەن سىزنى دائىم مەسچىتتىنمۇ ئىزلىدىم، مەيخانىدىنمۇ ئىزلىدىم، تاپالمىدىم، ئۇ يەردىمۇ يوق، بۇ يەردىمۇ يوق، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان زاتمۇسىز؟

8. ئالەمدىن ئىزلەپ تاپالمىدىم، ئەمدى يوقلۇق ئىچىدىن ئىزلەي، جاھاننى بىزىگۈچىمۇسىز ياكى پەرىزاتمۇسىز؟

9. بۇ زۇھۇرى يارىنىڭ چۇۋۇلۇپ تۇرغان چاچلىرىغا دەيدۇكى، ماڭا ئوخشاش ھەر تەرەپكە تاشلىنىپسىز، سىزمۇ مەندەك ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟

## 30

1. نازۇك قەددىڭىز ھەممە ئالەمنى يىپىشلىقتا پۈركەپ، بەرىكەت ۋە مولچىلىقنى ئايان قىلدى.

2. كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغۇچى غۇنچىلارنى كۆرسىتىپ، گۈلۈستاننى خۇرسەن قىلدىڭىز، گۈل ئارزۇسى بىلەن بۇلبۇلنى شەيدا قىلدىڭىز.

3. بەزەن، ھەر تۈگۈن (غۇنچە)گە تاڭ شامىلىنى يەتكۈزۈپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، خۇش پۇراقلارنى پەيدا قىلدىڭىز.

4. ئالەمگە ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقچى بولۇپ، بىرنى ساقى، بىرنى مەجنۇن، بىرنى لەيلى قىلدىڭىز.

5. ئېنىق بولمىغان سۆيگۈنى بىر سۈرەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ،

ئاشىق-مەشۇقلارنى پەيدا قىلىپ، سۆيگۈنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردىڭىز.
6. مۇنچىۋالا ئىشلارنى كۆرستىپ قويۇپ، ئۆزىڭىزنى يوشۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ سىز باشقىلار كۆرۈۋالمىسۇن دەپ جاننىڭ ئىچىدە ماكانلاپ ئالدىڭىز.
7. ۋەسل مەملىكىتىدە، «مەن — خەزىنە...» دېگەن ھەدىسنىڭ سىرىنى كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ، بىزدىن يوشۇردىڭىز.
8. يارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەندە بىلدۈرۈپ قويىسىز، ئەمدى نېمىشقا مېنى جۇدالىققا تاشلاپ، ئالەمدە رەسۋا قىلىسىز؟
9. بۇلارنى ئاڭلاپ يارىم ئېيتىدۇكى، ئەي زۇھۇرى، نېمىشقا ھىجرانىمدىن قورقۇپ، ۋەسلىمنى ئارزۇ قىلىسىز؟

## 31

1. ئەگەر سىزگە يار كېرەك بولسا، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ يولىدا گاداي قىلىڭ، غەيرى كىشىلەردىن ئۈمىد كۈتمەكتىن ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەڭ.
2. ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھامان، قاشلىرىدا ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشايدىغان ئوقيا پەيدا بولىدۇ، ئاتماق بولۇپ نىشان ئىزلىسە، جېنىڭىزنى پىدا قىلىڭ.
3. ئەگەر ئۇ كىرپىك ئوقلىرىنى جېنىڭىزغا قاتار قىلىپ قادىسا، بۇ ئوقلارنى جاراھەتنىڭ دورىسى دەپ بىلىپ، جېنىڭىزغا داۋا قىلىڭ.
4. كىمكى فەنا⑰ شارابىنى ئىچىپ، مەڭگۈلۈك تاپقان بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، جان دەپ ئۇنى ئۆزىڭىزگە يول باشلىغۇچى قىلىڭ.
5. ھەممە ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەسلىگە ئېرىشمىكىڭىز گۇمانسىز بولىدۇ، ۋەسلىنى تاپقان ھامان،

ئۆزىڭىزنى ھەممىدىن جۇدا قىلىڭ.
6. سۆيگۈنىڭ ئازارى ۋە بەختسىزلىكلىرىدە ھەر خىل ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ، ھەممە خەق ئۇلاردىن قاچسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قىلىڭ.
7. نەزمە پۈتمەن دەپ زوھۇرى كېچە-كۈندۈز لاپ ئۇرىدۇ، ئەي مەزھەرى، سىز ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلىپ قويۇڭ.

## 32

1. نېمىشقا مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلدىغانسىز، مېنى چەتلەشتۈرۈپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولسىز.
2. ۋىسالىڭىزنى ئىستەپ جېنىمنى پىدا قىلسام، يۈزلەپ ناز بىلەن گەپ قىلىۋاتىسىز.
3. بىچارىلىق بىلەن يالۋۇرۇپ جانانغا دەيمەنكى: يە جېنىمغا جان بېرىڭ، يە جېنىمنى ئېلىڭ.
4. ھارارەتتىن قىزىپ تۇرغان كۆكرىكىمنى دائىم ئېچىپ بېرەي، سۆيگۈ ئوقياسىدىن قانچىلىك بولسا، ئېتىۋېرىڭ.
5. مېنى ھىجران چۆللىرىدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا يۈزلەپ جەۋر-جاپالارنى قىلماقچى بولىسىز؟
6. ئەگەر مەن كۆرمىگەن بولسام، ۋىسالىڭىز پەيتلىرىنى كۈتمىگەن بولاتتىم، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا تاشلاپ كېتىسىز؟
7. زۇھۇرى ۋاپادىن ئازراقلا تەلەپ قىلغان تۇرسا، نېمىشقا مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىسىز؟

## 33

1. بۇلبۇل كۈز پەسلىدە گۈل بىلەن گۈلزارلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، مەن بىچارىمۇ نەۋباھار كۈنلىرىدە يارسىز قالدىم.

2. قايسى باغقا كىرسەم، ئۇنىڭ گۈللىرى جىنىمغا ئوت بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىدىن ئايرىلىپ قالسام، ماڭا باغمۇ جەھەننەم بولىدىكەن.
3. ئەي ساقى، شارابنىڭ خۇمارىدىن جىنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى، ھاياتلىق سۈيىدىن ئاغزىمغا بىر تامچە تامغۇزۇپ قويىسىز.
4. خۇمار بولماي تۇرۇپ، زادىلا شارابقا مۇيەسسەر بولمىدىم، ۋىسال ئىستىگەندە كىم يارنىڭ دەردىنى تارتماي تۇرۇپ داۋا تاپالىغان؟!
5. ھىجراننىڭ زەھىرىنى ئىچمەي تۇرۇپ، ۋەسلىنىڭ زەھەر ياندۇرغۇچى دورىسىنى كىم تاپالايدۇ؟ كىم قايسى گۈلشەندە گۈللەرنى تىكەنسىز كۆرۈپتۇ؟
6. جاھان گۈزەللىرىدە ئىشەنچ يوق، ئۇلاردىن ئۈمىد ئۈزگىن، نەشتەرسىز داۋا، ئازارسىز خۇشاللىق بولمايدۇ.
7. يار ۋەسلىگە يېتىشكەندە ئۇنىڭ چېچىنى بوينۇمغا زەنجىر قىلىپ ئېسىۋالسام، دەيسەن، ئەي ئەقىلسىز، كىممۇ بۇتخانىغا ساڭا ئوخشاش زۇننارسىز كىرىدۇ؟
8. يىغلاپ تۇرۇپ، يارىمغا ئەھۋالىمنى بايان قىلسام، ئۇ كۈلىدۇ. زۇھۇرى بولسا: «ئەجەبمۇ بىر دىلدارسىز» دەيدۇ.

## 34

1. قىزىل ياقۇتتەك مەي پىيالىمىز ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا بولغاچقا، بۇ مەيخانىمىز جاپا-مۇشەققەت ئوتلىرى بىلەن يورۇپ كەتتى.
2. لاچىنلار كۆز ياشلىرىمنىڭ تامچىلىرىنى سۇمكىن دەپ ئۇچۇپ كەلدى، ئىست، تەلەيىنىڭ يوقىدىن بۇ مەرۋايىتلىرىمىز سۇغا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ.

3. كىچىك بالىدەك بۇ كۆڭلۈم ئوينا-ئوينا ئاخىرى ئوتقا
چۈشتى، سۆيگۈ ئوتىدىن گويا پۈتۈن جىسمىمىز ئاتەشخانىغا
ئايلاندى.

4. دىۋانە كۆڭلۈم جىسمىم زەنجىرىگە باغلىنىپ قالغاندى،
تۇتقۇندىن ئازات بولۇپ، ئەمدى بۇ دىۋانىمىز ھوشيار
بولۇپ قالدى.

5. مەن جىنىمنى پىدا قىلىشنى خالاپ، ئۇنىڭ ۋىسالىدىن
تەمە قىلغانىدىم، ئۇ جانان چىلىمغا ئوت سالغاندەك،
ھىجرانىنىڭ ئوتىنى بېشىمغا سېلىپ قويدى.

6. بەزم ئارا ئۇ قۇياش ھۆسنىلىك كۆزگە كۆرۈنمەي كۆزۈم
تېشىلدى، بۇ جان كۆيگەن پەرۋانە بولۇپ، تازىمۇ قارا
كۈنلەرنى يورۇتۇپ ئۆتتى.

7. ۋىسالغا يەتكەندە شۈكرى دېگەنلىرىمىز ئاز بولغان بولسا،
ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ يەنە شۈكرى دېيەلىسەم، ھىجرانىنىڭ
بۇ غېمى قانچىلىك ئىدى؟!

8. مەن ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزدىسەم، ئۇ، مەنىسىز يات بول،
دېدى، ئۆزىدە ماڭا دوستلۇق يوق، ئۆزئارا يات ئىكەنمىز.

9. ئەي زۇھۇرى، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە، گەپ-سۆزلىرىمىز
ئەلنىڭ قۇلىقىغا يېتىشتىن بۇرۇن، ھەر كۈنى شۈكرى قىل.

## 35

1. ئىشق ئوتى چۈشۈپ، بۇ كۆڭلۈمنى ئوت چاچقۇچى قىلىپ
قويدى، غەم كېچىلىرىدە تارتقان ئاھىم شامال بولۇپ، بۇ
ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

2. مېنى ئىشق ئوتى كۆيدۈرسە، ئۇنىڭ شامالىرى كۆلۈمنى
ھەر تەرەپكە سورۇيدۇ، ئىشق ئەھلىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق
ئىپار پۇرايدىغان شامال بولمايدۇ.

3. مەن ۋىسال بىغىنىڭ باھارىنىڭ يېقىملىق شامالىرىنى كۆزلىسەم، ئۆمرۈم دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا يوپۇرماقلارنى تۆكۈدىغان كۈز شامىلى كېلىپ تەگدى.
4. خۇمار دايىما مەندە راھەت شارابى ئىچىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ، لېكىن غەم تاشلىرى شادۇ خۇراملىقىمنىڭ بۇ قەدەھىنى پارچە-پارچە قىلىپ چېقىۋەتتى.
5. ئەي دوست، ئويلاپ يېتەلمىدىم، كۆز ياشلىرىم مەرۋايىتنى تۆكۈلۈپ، يۈزۈم ئالتۇندىنمۇ ئەزىزرەك بولۇپ سارغايسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن دەردىمگە داۋا تېپىلمايدۇ؟
6. جىنىمنىڭ بۇ قۇشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ئىزلەپمۇ، ئۇنىڭ ھۆسن بېغىدا ئېچىلغان ئانار گۈلىدەك لەۋلىرىنىڭ مېغىزىنى تاپالمىدى.
7. مىرزا زۇھۇرىددىن ئىشق ئارا لەززەت تاپتى، ئۇنداق لەززەتنى مەجنۇن تاكى قىيامەتكىچە تاپالمايدۇ.

## 36

1. سەن مېنى سىغىنما، ماڭا ئۇ دىلرەبا ھەمراھ، ئەمما ئۇنىڭ فىراقىدا يۈزمىڭ بالامۇ مەن بىلەن بىللە.
2. ئۇنىڭدىن ۋاپا كۈتمە، چۈنكى ئۇ قارا كۆزلۈك، ئاڭا ھەمىشە ئاشۇ ئىككى بىۋاپا قارا كۆزى ئۆلپەت.
3. تىلەمچىلەرنى يولدا ئىت تونۇۋالسا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، چۈنكى، ئۇلارنىڭ كىيىمىدە بىر ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ كۆرىنىشى بولىدۇ.
4. ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ خەزىنىسىگە ئېرىشىمەن دەپ يولنى ئاسان كۆرمە، چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا ساڭا خىرىس قىلىپ ئىككى ئەجدىھا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ.
5. مەن ئىشق يولىدىكى گادايمەن، دەردمەنلەرگە ھەمراھ

ۋە سىرداشمەن، ئەگەر پاك دىللار ماڭا ئۆلپەت بولسا،
تەقۋادارلىقنى تەرك ئېتىمەن.
6. ئەي شەيخ، مېنى ئۆز تەرىپىڭگە تەكلىپ قىلما، چۈنكى،
ساڭا يۈزمىڭلاپ ساختىلىقلار ئۆلپەتتۇر.
7. زۇھۇرى، نەۋائىنىڭ ماھارىتىگە يېتىشەلمەي ئۆتتۈڭ، يىغلا،
ساڭا ناۋا ئۆلپەتتۇر.

## 37

1. جۇدالىقنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنىڭ ئاخىرى مەلۇم ئەمەس،
بۇ قارىلىق تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى چەككەن
ئاھلىرىمنىڭ تۈتۈنىدىن بوخسۇپ چىقىۋاتىدۇ.
2. باغدىكى ئىككى خىل رەڭدە ئېچىلغان رەنا گۈلى ئەمەس،
ئۇ مېنىڭ زەپىراندەك سارغايغان يۈزۈم بىلەن لالە رەڭلىك
قانلىق يېشىمدۇر.
3. نائېنىق بولغان سۆيگۈنىڭ ئۆزىدە مەشۇقىمۇ ئاشىقمۇ ئۆزى،
ھەممىنى ئاشكارىلىغان يالغۇز مەجنۇن بىلەن لەيلىلا
ئەمەس.
4. مېنىڭ نازىنىنىم يۈزىنى كۆرسىتىشكە ئىككى ئەينەك
ياسىۋاپتۇ، ئۇنىڭ جىلۋىلىرى يالتۇرۇشىمۇ، ناز-كەرەشمىگىمۇ
كىرمەيدۇ.
5. يار چاقناتقان نۇرلاردىن گۈلگە ئازراقلا چۈشۈۋىدى،
مەندەك بىر ساراڭلا ئەمەس، بەلكى قانچىلاپ بۇلبۇللارمۇ
مۇئەللەق ئۇرۇپ سايراشقا باشلىدى.
6. كىمكى ئۆزى ساق تۇرۇپ مېنى ساراڭ دەپ مازاق قىلسا،
مېنىڭ يارىمنىڭ پەرىشتە سۈپەت ئەمەس، بەلكى پەرى
ئىكەنلىكىنى كۆرسە، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالىدۇ.
7. مەن زۇھۇرى نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنۇ

مىسراسىنى ئالىمەن: ئەنبەر ھىندىنى شامال ئېلىپ
كەلمىدى، لەيلى سۈنبۇل چاچلىرىنى يېيىپتۇ.

## 38

1. ئايلىنىپ تۇرغان بۇ پەلەك دۇم كۆمتۈرۈلگەن بىر جام،
ئۇنىڭدا شارابنىڭ بولىشى يوق گەپ، كىمكى ئىشرەت
ئىستەيدىكەن، ئۇ سىرلاردىن خەۋەرسىزدۇر.
2. نادانلار مال-دۇنيا بىلەن مەغرۇر بولىدۇ، دۇمباقتەك چىقىپ كەتكەن
قورساقلارنى كۆرسە، سېمىزلىك كېسەل ئەمەس، دەيدۇ.
3. بۇ جاھان ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، ئەمما ۋاپا قىلمايدۇ،
ساڭا كىم غەمخورلۇق قىلسا، شۇنىڭ غېمىنى يە، بۇ دۇنيا
سېنىڭ غەمخورۇڭ ئەمەس.
4. مېۋىلىك دەرەخ بالا-قازا تاشلىرىدىن ئامان قالمايدۇ،
ئەگەر دەرەخ مېۋىسىز بولسا، سەرۋىدەك ئەركىن بوي
تارتىدۇ.
5. يول تولىمۇ تار، قاراڭغۇدا قاراقچىلار پايلاپ تۇرىدۇ، يول باشلىغۇچى
بولماي تۇرۇپ، ئۇ يولغا كىرىشىنىڭ ئىمكانىيىتى يوق.
6. ياخشى ئۆسكىن، باغۋەن كەسسە نوتىدەك ئۇلايدۇ، بۇ كېسىشتىكى
غەرەز ئۇلماق، ساڭا ئازار بېرىش ئەمەس.
7. ھەر كىشى زۇھۇرىدەك مەندىن يىراقلاشسا، شەكلەن
دوستىسىز يۈرگەندەك تۇرغان بىلەن، خۇلقى-ئېتىۋارى بىلەن
ياتلاردىن ئەمەس.

## 39

1. كىمكى دوست-يارانسىز بولسا، ئۇنىڭ راھىتى تارتقان
مۇشەققەتلىرىگە ئەرزىمەيدۇ، كىمكى تىرىكلىكنىڭ ھەمراھى

بولسا، بۇ تىرىكلىك جۇدالىقنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.

2. باش باھار كۈنلىرىدە باغ ئىچىدە گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئەمما بۇ يوپۇرماقلارنى تۆككۈچى كۈز شامىلى كەلتۈرىدىغان ھەسرەت ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

3. مۇبادا قارۇن⑱ دەك باي بولۇپ، بۇ دۇنيادا راھەت-پاراغەت-تە ياشىساڭمۇ، بۇ ھەممىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان ئەجەلنىڭ زەربىسى ئالدىدا ئەرزىمەيدۇ.

4. بەزمىدە، شادلىق مەينى ئىچىپ، خۇشال-خۇراملىق تاپساڭ، بۇ نەچچە كۈن تارتقان خۇمارىڭنىڭ جاپاسى ئالدىدا ئەرزىمەيدۇ.

5. ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيانىمۇ تەرك ئېتىپ، يارىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز، قانلىق دۇنياسىغا كىر، تەنھا بولۇۋالغانغا يەتمەيدۇ.

6. ئەي سوپى، مېنى ساراڭ بولۇپتۇ دەپ تولا ئېيىپلىما، سېنىڭ ساقلىقىڭ مېنىڭ ساراڭلىقىمغا ئەرزىمەيدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، بۇلبۇلنى باغلاپ نەۋائىدىن ئۈمىد كۈت، گۈلشەن توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئۇنىڭ تىكەنلىرىنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ.

## 40

1. زەئفەران ئۈستىگە چېچىلغان شەبنەم ئەمەس، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم؛ گۈلشەندىكى قىزىل لالە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۇنىڭ ھىجرانىدا تۆككەن يۈرەك قېنىم.

2. قىش كېچىسى ئاي قوتانلاشتىمىكىن دەپ قالما، مېنىڭ يارىم نازلىنىپ جامالىنى پەردىگە يوشۇرۇپتۇ.

3. چىرايلىق يورغىسى ناز بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئۇ كاپىرىمنىڭ بېشىدا تىترەپ تۇرغىنى جالا⑲ ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ قولىدا شېھىد بولغانلارنىڭ جان رىشتىسىدۇر.

4. چىقىۋاتقىنى بۇتخانىنىڭ سىزىندىسى ئەمەس، بەلكى بۇ تەشنانىڭ ئۇنىڭ لىۋىنى شوراپ، قايتا سۆيىدىغان چاغدىكى لىۋىنىڭ شەربىتىدۇر.
5. ئۇ ھالىتىڭنى ئەگەر قازى بىلەن مۇفتى مەنئى قىلسا، ئۇلار ياراشتۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى بىرسى دىۋە، بىرسى شەيتاندۇر.
6. بىراۋلارنىڭ مەيخانىدا مەي توشۇغۇچىدىن جان تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەن، بالاكەشلەرگە لازىم بولغىنى ئۇ باللار ئەمەس، بەلكى مەيخانىنىڭ خوجايىنى.
7. ئەي زۇھۇرى، سوپى-زاھىدلارنىڭ قان يىغلىغىنىغا ئىشىنىپ قالما، ئۇلارنىڭ يۈرەك-باغرىنى پارە-پارە قىلىشلىرى قىنىڭنى تۆكىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

## 41

1. ئەگەر يارىمنىڭ خىيالى كۆڭلۈمدە تۇزدەك جىلۋە قىلسا، ماڭا شۇ كۆن جەننەتنىڭ بېغى بولىدۇ.
2. قەدەملىرىگە باش قويۇپ، يولىدا جان بەرسەم، بۇ بەختىمگە ھەسرەت قىلىپ، كەيكاۋۇس⑳نىڭ پۈتۈن ئۆمرى كېتىدۇ.
3. مەيخانىغا كىرىپ، مەيچى بالىدىن خۇشخەۋەر ئالسام، سۆيگۈ مەجنۇنلۇقىنىڭ بۇ پۇرسىتىگە ئاتاپ دائىما ناغرىسىنى چالىمەن.
4. خىيالىمغا كەلمىشلەردىن خىجالەت بولدۇم، كۆڭلۈم قۇرۇپ كەتكەنىدى، داۋاسىغا، مەيخانىچى ئۇنى سۇيۇرۇپ سۇ چاچتى.
5. ۋاقتى كېلىپ، ئەلنىڭ مالامەتلىرىدىن قورققان لاچىنىم ھۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى، ۋەسلى ئىشارەتلىرىگە قاراپ، مەيۈسلەنمىگىن.

6. ھىجران بەختسىزلىكلىرىدىن قانچە زەئىپلەشسەڭمۇ، جان ئۈلتۈرىدىغان چاغدا، ئۇنى كۆڭلۈڭدە يوشۇرۇن تۇتاي.
7. بۈگۈن بۇ يولنى تاشلاپ خانىقاھلارغا كىرىپ يۈرمە، ئەتىلا دەيدىغىنىڭ «يۈز ئىست، مىڭ ئەپسۇس» بولۇپ قالمىسۇن.
8. مەجنۇنلۇغۇم بىلەن ھوشيارلاردىن نومۇس قىلمەن، چۈنكى يوقۇلۇش مەيخانىسىدا تەنىنىڭ ئۆزىمۇ نومۇسلۇق نەرسىغۇ!
9. قەيس زۇھۇرىنىڭ ھالىتىدىن ئازراق خەۋەر تېپىپ قالغاچ، دەشتلەردە ھەيبارلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مەجنۇن قىلىۋالدى.

## 42

1. مېنىڭ نازىنىن يارىم پەرى سۈرەتلىك، ئۇ خەلق ئىچىدە كۆرۈنمەيدۇ، بىپەرۋا ئەمەسلەرمۇ ئۇنىڭ جىلۋىلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ.
2. كۆڭلۈڭ ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ئىلاھىيەتكە سىڭىش دۇنياسىغا خەرىدار بولغان بولسا، پەمىڭ بىلەن ئەقلىڭنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىل، بولمىسا بۇ دۇنيادا دانا بولالمايسەن.
3. بۇ جاھاننى تەرك قىلىپ، يارنى يوقلۇق ئىچىدىن ئىزلە، جەننەت تەرەپكە كۆز سالما، يارىم رەئنا گۈلى ئەمەس.
4. كۆڭلۈڭنى ساپ تۇتساڭ، باغ ئىچىدىكى بىر دەستە گۈلنى كۆرىسەن، ئۇ جەننەت باغلىرىنىڭ گۈلى ئەمەس، يە جەننەتنىڭ ئۆزى ئەمەس.
5. ئۇ يارنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسى چۈشەرمىكىن دەپ، كۆڭلۈمنى ساپ ئېتەي، باشقا ئەينەك تەييارلايدىغانغا مەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەمەس.
6. سېنى يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ ئىزلەپ، كويۇڭدا سەرگەردان بولۇپ يۈرسىمۇ، ئاي يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ھېچكىم

مەندەك جاھانكەزگۈچى بولمىدى.

7. بۇ زۇھۇرى ئۆزىنىڭ دىۋانىلىكىنى قانچىلىك ئاشكارە قىلسا مەيلى، ئۇنى كۆرگەنلەردىن بۇ دۇنيادا ساراڭ بولمىغانلىرى بارمۇ؟!

## 43

1. نىمە ئۈچۈن يارىم مىنى سىرلىرىغا سىرداش قىلمايدۇ، ھىجرانىدا قان يۇتتۇرۇپ، ۋەسلىدە شادلاندۇرمايدۇ؟
2. ئۇ ماڭا بىۋاپالىق قىلىپ، جاپالىرىنى زادىلا ئۆكسۈتمىگەن تۇرسا، يەنە نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كويىدا سەرگەردان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ۋاپا ئىزلەيمەن؟
3. ھۆسنۈن شاھىنىڭ دەرگاھىدا، قانچىلىك «ھەق دوست» دەپ تىلەنسەم، ئۇ ھەقلىق ھالدا ئىھسان قىلىپ، مەن تىلەمچىنى غەمدىن خالاس قىلمىدى.
4. يارغا جىنىمنى پىدا قىلىشتا شۇنداق تىز مەن، سەخىيلىكتە، خەلق ئىچىدە مىنىڭدەك يەنە باشقا بىر ھاتەم㉑ يوق.
5. ھىجران تىغى بىلەن باغرىم دائىم يارا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ رەھىم قىلىپ، بىر نەزەر تاشلاپلا ئۇنى ساقايتىپ قويمىدى.
6. نازلىق قىلىقلىرى يارىمنى ھۆر-پەرىزاتلارغا ۋە پەرىشتىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانكى، ئۇ قىلغان قىلىقلارنى ئادەم پەرزەندى قىلالمايدۇ.
7. ئەي زۇھۇرى، يۈز يىللىق ئۆلۈك بولسا، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىرىلدۈرىدۇ، بۇ، خىزىر سۈيىنىڭ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسى بىلەن بۇۋى مەريەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

## 44

1. قايسى تەرەپكە نەزەر تاشلىسام، ئەي مەنىسىز يارىم،
مەن سەندىن خالى ئەمەس، قايسى ياقلاردا سەيلە
قىلسام، سەن ماكانسىزىمۇ مەنىسىز ئەمەس.
2. باغ ۋە گۈلشەنلەرنى تاشلاپ، دەشتلەردە سەيلى قىلسامۇ،
ئۇنىڭ گۈل يۈزى يادىمدا بولغاچقا، كۆڭلۈم باغ ۋە گۈلشەنسىز
قالمايدۇ.
3. دۇنيانى تەرك قىلىپ، قەلەندەرلەر تەرك قىلغانىنىڭ
ھەممىسىنى تەرك قىلاي، كىمكى ساۋۇتسىز بولمىسا، ئۇقا
ئۇدۇل تۇرالايدۇ.
4. ئىشق دەردى بىلەن بالا سەردارى باستۇرۇپ كەلسە،
پەقىرلار جان-تېنىنى يوق قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار جانسىز
بولسىمۇ، تەنسىز ئەمەس.
5. ئىشق پەقىرلىقىدىن چاقىرىق جاكالىغۇچىلارمۇ، دانالار
سىرلىرىنىڭ مەن بىلەن سەنسىز ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ.
6. سەن ئۆزگىگە نەزەر سالدىڭ، مەن قىزغىنىش ئوتلىرىدا
كۆيدۈم، سەن قانچىكى مەنسىز يۈرەلىگەن بىلەن، مەن
شۇنچىكى سەنسىز يۈرەلمەيمەن.
7. ئەي زۇھۇرى، ساراڭلارچە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ، بىھۇدە
سۆزلەپ يۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن بول، ئۇمۇ
سەنسىز ئەمەس.

## 45

1. مېنىڭ چەككەن ئاھلىرىم ئۇ ۋاپاسىز، باغرى تاش يارىمغا
تەسىر قىلمىدى، يوللىرىغا تەلمۈرۈپ قارىسامۇ، رەھىم

قىلىپ ماڭا نەزەر تاشلاپ قويىمدى.

2. ئۇنىڭ پىراقىدا، يۈرىكىم قانغا تولۇپ، خاپىغان بولۇپ قالدىم، ئۇ دىلبەر ھىجرانىدا قانلىرىمنى قانچىكى تۆكسىمۇ، ئەمما بۇ ماڭا زەرەر قىلمايدۇ.

3. ئۇ قىزىلگۈل رەڭلىك كىيىم كىيىپ قاتىل دېگەن بەدنامغا قېلىپتۇ، گەرچە يۈزلەپ گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى كەيسىمۇ، لېكىن ئۇ يۈرەكلەرنى قان قىلمايدۇ.

4. بېشىمنى تىغى ئاستىغا قويۇپ، جېنىمنى ئال دەپ يۈز قېتىملاپ ئىلتىجا قىلساممۇ، يارىم بۇ ئىلتىماسىمنىڭ يۈزدىن بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا قىلمايدۇ.

5. پەرىزادىم بۇ ئىشق دەشتىدە مېنى مەجنۇن كۆرگەچكە، شۇنداق چىرايلىق نازلارنى قىلدىكى، ھەرقانداق پەرى، ھۆر ۋە ئىنسان بالىسىمۇ، ئۇنداق خۇلقلارنى كۆرستەلمەيدۇ.

6. گاھىدا يارىم جېنىمنى ئىنساندىن بەلكى بارلىق جاندىن خىلۋەتتە تۇتۇپ كېلىدۇ، ئۇ يە جېنىمنى ۋاقىپلاندۇرمايدۇ، يە كۆڭلۈمنى خەۋەرلەندۇرمەيدۇ.

7. يارىم مەن زۇھۇرىنى ئەگەر ھەرقانچە ھىجران ئىچىگە تاشلىسىمۇ، پەقەت ئۆز ئىشىكى ئالدىدىلا سەرگەردان قىلىدۇكى، ھەر ياقلاردا ساياق قىلىپ قويمايدۇ.

## 46

1. ئۇ شوخ ئەمدى قاتىللىقنى ئۆزىگە يوسۇن قىلغاندەك تۇرىدۇ، قىلىچىنى ئىشتىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ غىلىپىنى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇۋېتۇ.

2. ئۇ كىيىملىرىنى قىزىل قىلىپ، قوللىرىنى گۈلرەڭ قىلىۋاپتۇ، ئۇ خىنا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ قېنىمنىڭ رەڭگى.

3. جېنىمنىڭ قۇشىغا خالىنى دان، چاچلىرىنى قىلتاق قىلىپ،

ئاشىقلارنى تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن، ئوقياسىنى راۋۇرۇست بەتلەپتۇ.

4. ئەي ساقى، بەزمىگە ئىپاردەك قارا رەڭلىك شاراب كەلتۈر، چۈنكى، چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىۋالغاچقا، كۆڭلۈم غەمكىن بولۇپ قالدى.

5. ئۇنىڭ چاچلىرى، خالى ۋە يۈزىنىڭ شولىلىرى دىنلار ئىچىگە چۈشكەچكە، بىرىنى ئاتەشپەرەست، بىرىنى خىرىستىيان، بىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ قويغان.

6. كۆڭلۈمدىكى ھەرقانداق سىرىمنىڭ ئەلگە پاش بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئۇ پەرىزادىم مېنىڭ كۆكسۈمنى شىشە ئىدىشكە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

7. زۇھۇرى، نەزمەمدە سەنئەت يوق دەپ غەم يېمە، مەزھەرىددىن نەزمەڭنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقىدى.

## 47

1. سەرۋىنىڭ ئۈستىدە ئېچىلغان بۇ لالىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى ئىلان چىرمىشىۋاپتۇ، قاشلىرىدىكى ساداقمۇ، قىلىچمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرۇپتۇ.

2. بەزىلەر ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئاغزىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ، بۇ غۇنچە قاچان گۈل بولۇپ ئېچىلاركىن دەپ، كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزىشىدۇ.

3. باغ ئىچىدىكى بوتاكۆز گۈللىرىگە شەبنەم چۈشۈپتۇ دەپ ئويلاپ قالما، ئۇ سەرۋى قەد بوتاكۆزنىڭ ھەسرىتىدە يىغلاۋاتقانلارنىڭ كۆز ياشلىرىدۇر.

4. ئۇنىڭ جان ئاتا قىلغۇچى لەۋلىرىدىن خىجالەت بولۇپ، تىرىكلىك سۈيى زۇلۇماتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا، ئىيسا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.

5. زۇھۇرى بەزىدە گۇل پۇرىقىدىن، بەزىدە مۇھەببەت شارابىدىن مەست دىۋانە بولۇپ، بۇ جاھاندىن قاچتى.

## 48

1. ھەي ئەتتەڭ! ئۆمرۈم ياز ۋە قىش غەپلەتتە ئۆتتى، گۇناھىم كۆپ، بىرەر ياخشى ئىش قىلمىدىم.
2. ئەبەدىيلىك غارىنى ئىزلەپ، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ئىلاھىيەتكە سىڭىش دۇنياسىغا كىرمىدىم، نە ئەسھابىكەھف غارىدا ياتقانلارنىڭ ئىتى بولۇپ پەرۋىش تاپمىدىم.
3. ئىلىم ئەھلى بىلەن بىر پەس ھەمسۆھبەتتىمۇ بولالمىدىم، نادانلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشمنى بىردەممۇ تاشلىيالمىدىم.
4. تىنچ-ئامانلىق تاپقۇدەك بىرەر ئىشمۇ قىلالمىدىم، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىردەم تىنچلىق تاپالمىدىم.
5. ئۆمرۈمنىڭ گويا ئۇچقان ئوقتەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، قەددىم يادەك ئېگىلىپ ھاسام ئاڭا كىرىچ بولدى.
6. ئەزىز ئۆمرۈمنىڭ بايلىقىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتتىم، ھەۋەس ۋە ئارزۇلارغا بېرىلىپ، گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنى كۆپ قىلدىم.
7. ئەي تەڭرىم، رەھمىتىڭنىڭ دەرياسى چەكسىز ۋە تۈگىمەس، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭغا تەشنا بولغان مەندەك ھېچ گۇناھكار يوق.
8. ئەي كەرەملىك ئاللا، گۇناھىم قاف تېغىدىن㉒ ئېغىر بولسىمۇ، ئەپۇيىڭ دەرياسىدا ئۇنى بىر تال خەستەك ئېقىتىۋېتىش ساڭا بەكمۇ ئاسان.
9. ئەي زۇھۇرى، نائۇمىد بولما، نائۇمىدلىق ئىسلامنى

تونماسلىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، جېنىڭ بىلەن، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار، دېگەنىگە ئېرىشكىن.

## 49

1. سېنىڭ غەملىرىڭنىڭ ئوقى كۆڭلۈمنى قانغا تولدۇردى، كۆز ياشلىرىمنى ئىككى دەرياداك ئاققۇزۇپ، رەڭگىمنى گۈل تۈسىگە كىرگۈزدى.
2. جۇدالىقنىڭ زەھىرىنى ئىچىش يارىتىلىشىمدىن پۈتۈلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ، ئىچسەم بۇ زەھەر كۆڭلۈمدە قايناپ، دەردىڭنى داستان قىلىپ ئېيتقۇزۇۋاتىدۇ.
3. بۇ پايانى تۈپراقتا نېمە ئۈچۈن خۇشاللىقىم دەردتىن يارىتىلدى، غەم يامغۇرىنى ياققۇزۇپ، مېنىڭ جىسمىمنىمۇ غەرق قىلدى؟
4. سۆيۈملۈك ۋەتەن دەپ، كۆڭلۈمگە دەرد-ئەلەملەر كەلسە ھېچ ئەجەب ئەمەسكى، مەن غەم لەشكەرلىرىنىڭ سەردارىغا كۆكسۈمنى پاناھ جاي قىلىپ بەرگەن.
5. ئىشقىڭ مەن بىچارىنى ھىجرانىڭدا سەرگەردان قىلىپ، ۋەسلىڭ ئارزۇسى بىلەن جېنىمنى گۆرۈگە قويۇپ قويدى.
6. سۆيگۈنىڭ بالا-ئاپەتلىرىدە بۇ دەردۇ جاپالارنى بەكمۇ كۆپ كۆردۇم، ئۇلار ئارقىمۇ ئارقا، بىر-بىرىدىن كۈچلۈكرەك كېلىپ، كۆڭلۈمنى غەمكىن قىلىپ قويدى.
7. زىناقلىرىڭ گويا زىندان بولۇپ، بۇ مېنىڭ ساراڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭغا چۈشكەن مەھبۇس بولدى، كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ

قويۇپ، زىندانغا چۈشكەن زۇنۇن مىسرى[23]غا ئوخشاپ قالدىم.

8. كۆڭلۈم قۇشى تۇساتتىن چاچلىرىڭنى كۆرۈپ قالغاچقا، پەرياد قىلىدۇ، بۇ گوياكى ئەژدىھا قۇشنى دەم تارتقاندەك ئىش بولدى.

9. ئۇنىڭ كۆز قىسىشلىرى زۇھۇرنى مەست قىلسا ئەجەب ئەمەسكى، ئىشقىنىڭ بۇ چۆلدە ئۇ مەندەك يۈزلىگەنلەرنى مەجنۇن قىلىپ قويغان.

## 50

1. ھوشۇم يوق، كۆڭلۈم مەجنۇنلۇق دەشتىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، خۇداغا شۈكرى، خىيالىم ئاللاھدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن پاكتۇر.

2. تەلۋە كۆڭلۈمنىڭ مەجنۇنلۇقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بەكمۇ تولا، سۆيگۈ كىتابىدا، مەجنۇن مېنىڭ ئالدىمدا ئەقىلسىز بىر كىچىك بالا دەپ يېزىلغان.

3. سەھەرلەردە ئاتەشپەرەستلەردەك غەۋغا قىلسام، ئەجەبلەنمەڭلار، چۈنكى، كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ ئوتلۇق جامالىنىڭ خىيالى چۈشكەن.

4. ئاي يۈزلۈكىمنىڭ ئىشقىدا ھىجران سەھراسىنى تولا كەزدىم، بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپ قويغىنى ئاسماندىكى يۇلتۇز دېمەڭلار.

5. كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر چەكسىز ئوت چۈشتىكى، بۇ توققۇز ئاسمان ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تال قۇرۇق خەستەك كۆيۈپ كېتىدۇ.

6. ئەي ساقى، رەھىم قىلىپ ماڭا بىر قاچا زەھەر بەرگىنە، بۇ داۋاسىز دەردىمگە زەھەر ئىچسەم داۋا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

7. ئۇمىد بۇرجىدىن قۇياشىم بالقىپ چىقىپ قالارمىكىن دەپ، ھەمىشە كۆكرىكىمنى سۇبھىگە ئوخشاش پارە-پارە قىلىپ تۇرىۋاتىمەن.
8. زۇھۇرى بىردەم يارىسىز قالسا، جېنىدىن كېچىدۇ، بۇ ئەجەب ئەمەس، كىمكى جان بىلەن ئويناشسا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۇرار يېرى ئاتنىڭ غانجۇغىسى بولىدۇ.

## 51

1. جېنىمنى بېرىپمۇ، ھىجران دەردىدىن خالاس بولالمىدىم، كۆڭلۈممۇ يەنە ئۇنىڭ توزغۇپ تۇرغان چاچلىرىدىن خالى بولالمىدى.
2. جان بىلەن تەن ھىجران دەردىدىن كۆپ ئازار يېدى، يە جاننى ھىجراندىن قۇتۇلدۇر، يە مېنى جاندىن خالاس قىل.
3. غەم دېڭىزىغا غەرق بولساڭ، مەيخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بار، نوھنىڭ كېمىسى㉔ بولمىسا، بۇ تۇفاندىن قۇتۇلماق بەكمۇ تەسكە چۈشىدۇ.
4. تەلۋە بېشىمغا پەلەك غەم تاشلىرىنى ياغدۇرسا ئەجەب-لىنەرلىك ئەمەسكى، قايسى بىر دىۋانە كىشلەرنىڭ تاش ئېتىشىدىن خالاس بولالىغان؟
5. زۇھۇرى زىناقلىرىڭنىڭ زىندانىدا تۇتقۇن بولۇپ قالسا، غەم يېمىگىن، ئاشىقلار بۇنداق زىندانغا چۈشۈشتىن قاچان خالاس بولالىغان!

## 52

1. مەي مېنى خۇمار ۋە مۇپتىلالىقتىن خالاس قىلدى، كەيپى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ماختانچاقلىقتىنمۇ خالاس قىلدى.
2. خۇداغا شۈكرىكىم، سوپىلار مەست كۆرۈپ، مەندىن

قاچتى، بولمسا ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىدىن قۇتۇلالماس ئىدىم.

3. شۈكرىكى، يالغان تەقۋادارلىقتىن قۇتۇلۇپ، مەسچىتنى تاشلاپ، مەيخانىغا بىرىشنىڭ يولىنى تىپىۋالدىم.

4. مەيپۇرۇشنىڭ قولىدىن مەي ئىچمىگەن كىشى، ئۆزلۈك بىلەن پەقىرلىق ۋە فانىلىقتىن خالاس بولالمايدۇ.

5. ئەي ساقى، ھىجران خۇمارىدا نىسۋىسىز قالدىم، بىرلا ئىچۈرۈپ قويۇپ، بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرمامسەن؟

6. ئەي مەزھەرى[25] ئىككىمىز مەيخانىدا بىر ھەۋەستە بولىدىغان بولساق، نەپسانىيەتچىلىك ئىستىكى بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىكتىن خالاس بولالايمىز.

7. زۇھۇرى، نەۋائى[26] بىلەن جامى[27]نىڭ مەيلىرىدىن ئۈمىدلەنـگىن، ئۇلار بىرلا جام بىلەن سىنى بىچارىلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

## 53

1. ئىشق مىنى نومۇس-ھايادىن خالاس قىلدى، خەلق ئىچىدە تەلۋىلىككە سىلىپ، تەلۋە دىۋانىلەردىن قۇتۇلدۇردى.

2. ھىجراندا رەنجىش ۋە مۇشەققەتلەردىن خالاس بولۇشنى تىلىگەنلەر ئىشق يولىدا ئار-نومۇس قىلمىسۇن.

3. ئاشىق بولمەن دىسەڭ، كۆپ جاپا چەككىن ۋە جاپانى كۆزلە، گەرچە قارا كۆزلۈكۈڭ ۋاپا قىلىشتىن خالى بولسىمۇ.

4. ئىشق رەڭسىز بولىدۇ، رەڭگە ئامراق بولما، يوقسۇللارنىڭ كىيىمىنى كەي، ئاق بىلەن قارىدىن خالاس بول.

5. ئەگەر ئەفلاتۇن[28] ئىشق جاراھىتىگە ئىلاج قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ داۋاسى تەسىرىدىن مىڭدىن بىرىمۇ ساقىيالمايدۇ.

6. دەرۋىشلەرنىڭ ئىبادىتى قاچان قوبۇل بولغان؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇ ئىككى يۈزلىمىلىكتىن خالاس بولمىسا!

7. زۇھۇرى نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىپ، ئىشق يولىغا كىرىپ،
نەپسانىيەت ھەۋەسلىرىدىن خالاس بولدى.

## 54

1. ئەي تاك شامىلى، ھالىمنى ئۇ سەرۋى بويلۇق يارىمغا
يەتكۈزگىن، ئۇ جانانىمغا جۇدالىقتا جان تالىشىۋاتقانلىقىمنى
سۆزلەپ بەر.
2. چاچلىرىنىڭ ھەر بىر تېلى ئىمانىمنى بەربات قىلغىنىنى دىن
قولدىن كېتىۋاتسا پەرۋا قىلمايدىغان ئۇ نامۇسۇلمانغا يەتكۈز.
3. ۋىسال ۋەدىسىگە يېتەلمەي جېنىممۇ تۈگەشتى، ئەي تاك
شامىلى، تاپالىساڭ، ئۇ ۋەدىسى يالغانغا بۇنىمۇ دەپ قويارسەن.
4. ھەر كېچە ئۇيقۇسىز ھىجرانىدا زار يىغلاپ چېققانلىرىمنى ئۇ
بەگۇۋاش جانانىمغا بايان قىلىپ بەرسەڭ، نېمە دەپ قالار؟!
5. ئەي تاك شامىلى، بۇلارنى يەتكۈزسەڭ يەتكۈز،
يەتكۈزمىسەڭمۇ غېمىم يوق، يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارا
قىلغۇچىغا ئەرز قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.
6. بېشىمغا ھەر قانچە مۇڭ چۈشسىمۇ، ئۇ سۇخەندان يارىمغا
مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن ھەر خىل سۆز بىلەن
يەتكۈزەلەيمەن.
7. زۇھۇرى جان ۋە دىلى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ھالىنى بايان
قىلدى، ئەي تاك شامىلى، سەن رەھىم قىلىپ بۇنى
ياقۇت لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇ يارىمغا مەلۇم قىلساڭ!

## 55

1. ئۇ شىكەر تۆكۈلىدىغان لەۋلىرىڭگە ئەرز قىلىشىم ۋەسلىڭنى
ئىزلەش ئۈچۈن، سەھەرلەردە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىم

جامالىڭنىڭ قۇياشىنى تىلەش ئۈچۈن.

2. چىرايىڭنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئەرز قىلاي دەپ، ئۆيۈمنىڭ تېمىغا ئەينەكلىك رۇجەك قىلدۇرالدىم.

3. ياخشى خۇي-پەيلىڭ بىلەن كۆڭلۈم مەملىكىتىنى ئالدىڭ، مەن يامان كۆڭلۈمنى بېرىمەن دەپ، ياخشى قىلىقلىرىڭغا مەلۇم قىلىمەن.

4. ئەي كۆڭلۈم، غەمنىڭ لايلىرىغا پاتساڭ مىڭلاپ شۈكرى قىل، بۇنىڭدىن يارنىڭ بالالىرىدىن يارىلانغان جىسمىڭنىڭ ئەھۋالى مەلۇم بولىدۇ.

5. چىرايىمنىڭ سېرىقلىقىنى مەي جامى بېسىپ چۈشسە ئەجەب ئەمەسكى، دۇنيادا ماڭا دەرد ۋە ئازارلىرىڭدىن ئەرز قىلىشتىن باشقا ئىش يوق.

6. ھەر كىشى بىر ئىشتا ئۆز ئارزۇسىغا مايىل بولىدۇ، جۈملىدىن بۇ بىچارە زۇھۇرىمۇ سېنىڭ دىدارىڭنى بىر كۆرسەم، دەپ ئەرز قىلىدۇ.

## 56

1. جېنىمغا ۋىسالىڭدىن ياخشى خەۋەر كەلدى، سېنى ئەسلىۋىدىم، كۆڭلۈمنىڭ ئوتى يورۇقلۇقتىن ھوزۇر تاپتى.

2. غەملىرىمنىڭ بۇ كېچىسىدە ۋەسلىڭ تېڭىدىن خۇشخەۋەر كېلىۋىدى، قايغۇلۇق كۆڭلۈم بۇ خەۋەردىن شادلىنىپ كەتتى.

3. زاھىدلار دائىما ماڭا خۇشاللىقنىڭ سىرلىرىنى سۆزلىسىمۇ، سەنسىز شادلىنىش ماڭا مەقسەت ئەمەس.

4. ئۇ كەرەم قىلغۇچى ئۆز مۇپتىلالىقىدا ماڭا رەھىم قىلسا، مەن قانچە ناقابىل سۆز قىلسامۇ، بۇ پەيزىنى كىم ئىنكار قىلىدۇ؟

5. ھىجرانىڭ كۆز پەسلىدە باھاردىن ئۈمىد كۈتسەم، يۈزلەپ

گۈللەر ئېچىلىپ، گۈل چىرايىدىن بەھرە يەتكۈزسە،
ئەجەب ئەمەس.

6. ئەگەر ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە تىلىڭ تۇتۇلۇپ، قولىڭ
ئاڭلىماي قالغاندا، كۆشادلىق ئىزدىسەڭ، سۆزىدىن بەھرە
يەتمىسە، ئۆزىدىن ھەممە بەھرە يېتىدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، مەيخانا ئاقساقىلىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلا،
ئۇ ھەر دائىم ساڭا شىرىن لەۋلىرىدىن بەھرە يەتكۈزىدۇ.

## 57

1. بۇ بىر مېھمان سارايدۇر، ئۆتكۈچە كۆپ ئېھتىيات قىلغىن،
بۇ كونا قونالغۇ ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى مېھماننى يولغا
سېلىپ تۇرىدۇ.

2. كىچىك باللار قۇم بىلەن توپىدىن ياسىغان گۈمبەزگە ئوخشاش
بۇ ماكاننىڭ راھەت-پاراغەت سۈرگىدەك چىدامىلىقى بارمۇ؟

3. مەستلەردەك زوقلاندۇرغۇچى جامدىن ئىچىپ سۆيۈنمىگىن، كىم
چۈشىدە خۇشال بولسا، [ ئويغىنىپ ] يۇزلەپ غەم-قايغۇغا قالىدۇ.

4. بۇگۈنكى دەم غەنىمەت، بۇ دەمنى زايا قىلما، ھەر
نەپەستە بىر كوچىنىڭ يوقسۇللىرىغا ئارىلاشقىن.

5. تەغدىرنىڭ بۇ شاخمات ئويۇنىدا پادىشاھمۇ، تىلەمچىمۇ
مات بولدى، بۇ شاخمات تاختىسى (دۇنيا) ساڭا ئوخشاش
يۈزلەپ دانىشمەنلەرنى ئۇزاتقان.

6. ئاللاھدىن باشقا ھەممە نەرسە مەڭگۈ ئەمەس، مەندىن
ھالقىپ كامىل پىردىن بىرنى ئىزلە، تاپالمىساڭمۇ ئۇنىڭ
بىلەن باغلىنىپ تۇرغىن.

7. ئەي زۇھۇرى، يىل ۋە ئايلار گۇناھ قىلىپ ئۆتتۈڭ، ئەمدى
توختاپ قال، « تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلارنى
ئۇزمەڭلار » دېگەن ئايەتتىن خۇشاللىق تاپ.

## 58

1. قاراڭغۇ كۆڭلۈمنىڭ جامالىڭ قۇياشىنى كۆرەرگە مادارى يوق،
چاچلىرىڭ بىلەن بىللە بولغاچقا، سەھەرىممۇ كېچىگە ئايلاندى.
2. بۇ جۇدالىقتا ۋىسالىڭغا سەۋر قىلماي تۇرۇپ يەتمىگىم
قيىن، كىمكى دوزاقتىن جەننەتكە بارماقچى بولسا، سىرات
كۆۋرۈكىدىن يەنە ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ!
3. پەقىرلىق مېلى بىلەن غەم بايلىقىنى بەرباد قىلغىن، پەقىرلىق
بىساتىغا ئىرشەمەكچى بولساڭ، بېشىڭدىن ئالتۇن تاجىنى ئېلىۋەت.
ئەي كۆڭلۈم، كىمكى جاھان گۈزەللىرىدىن ئۆزىنى تارتمىسا،
4. خۇددى «ئەقرەب» (چايان) دېگەن سۆزدىكى «ئەين»
(ع) نى ئېلىۋەتسە، «قۇرب» (دوست، يېقىن) دېگەن
سۆز چىققاندەك ئىش بولىدۇ *.
5. دەم غەنىمەت، زۇھۇرى، ھەرقانداق ئەھۋالغا شۈكرى
قىل، ساقا ئوخشاش كۆپلىگەنلەرنى ئۈزۈپ قويۇپ، يەنە
ئۆزى قالىدىغان كونا كارۋان ساراي بۇ.

## 59

1. يۇملاق يۈزۈڭدىكى خەتلەر (كۆز-قاش) «ۋەززۇھا»
(چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى) ئايىتىنىڭ تەپسىرىدۇر،
ئۇنىڭدىكى ئىپاردەك قارا خالىڭ ئاشۇ خەتلەردىكى چېكىتتۇر.
2. ئاشىقلارنىڭ مىئراج㉙غا چىققىشى ئۈچۈن، ئەنبەر پۇرايدىغان قارا
چاچلىرىڭدىن «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا» ㉚ (قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى
قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى) دېگەن ئايەت نازىل بولۇپتۇ.

---

* شائىر بۇ يەردە ھەرپ ئويۇنىنى ئىشلەتكەن، ئۇ ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە «عقرب» (چايان) دېگەن سۆزدىكى «ئەين» (ع) نى ئېلىۋەتسە «قرب» (دوست) بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئېھتىيات قىلمىساڭ، دۈشمەننى دوست دەپ تونۇپ قالىسەن، دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

3. قامىتىڭ تىكە نلەر ئىچىدە ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ، بۇ ئىشارەتتىن «ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇراھال ئۆتكىنى ياخشى» دېگەننىڭ مەنىسى مەلۇم بولىدۇ.
4. مەڭ ۋە زىناقلىرىڭدىن كۆزۈمنىڭ قارچۇقى نۇرلۇق بولۇپ قالدى، ياخشى يېزىلغان ھۆسن خەت كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.
5. نازۇك كۆچىتىڭ باغ ئىچىدە جىلۋە قىلدى دېسە، بۇ توغرا بولىدۇ، سۇمباتلىق قامىتىڭنى سەرۋىگە ئوخشىتىش تولىمۇ خاتا.
6. سەندىن ماڭا خەۋەرنامە يەتسە، كۆز ياشلىرىم مەندىن بۇرۇنراق دەريادەك ئاقسا، ئەجەبلەنگۈلۈك ئەمەس.
7. ئەي زۇھۇرى، ئىشق يولىدا كۆرۈنگەن كىشى ئۆزىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، سۇ ئىچىدىكى ئۆردەكمۇ لاچىندەك پەرۋاز قىلالمايدۇ.

## 60

1. يارىڭ لىۋىدىن ھەممە شىرىن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، شىرىن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ماختاشقا ئەرزىگۈدەك مۇنداقلىرى يوق.
2. ئاتەشتەك لەۋلىرىگە يېزىلغان خۇشخەت يېشىل رەڭدە، بۇ رەڭنىڭ تەرىپى توغرۇلۇق سۆز بولسا، ئۇنى تۇتىغا ئوخشىتىمەن.
3. سۆيگۈ پىرى بۇ كېچە ماڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بەردى، بۇ تەخلىتتىكى سۆزلەرنى قايسى ئاشىق ئاڭلىغان؟
4. بۇ قانداق تۇتاش ھەيرانلىق، قانداق غەپلەت دەپ، بوينۇمغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، بىرمۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتى.
5. ئەي قارچۇغا، سېنى شاھ دۇمباق چېلىپ ئىزلەۋاتىدۇ، بۇ دۇنيادا راست گەپ قىلىپ ساڭا نېمە كەپتۇ؟

## 61

1. غەم ئوقلىرىنى ياغدۇرۇپ، كۆكسۈمنى ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتتىڭ، رەھىم قىلىپ، ئەمدى ئۇنى كىرپىك ئوقلىرىڭنى سالىدىغان غىلاپ قىلىۋالساڭ!

2. ئىككى كۆزۈڭ ئەنە تېز-تېز تىكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئىككى جەڭ سىپىنى تۈزۈپ بولىدۇ.
3. كۆز ياشلىرىم گوياكى بىر دەريا، نېمە ئۈچۈن سەن ئۇنىڭدا كۆرۈنمەيسەن؟ سۇ ساپ بولسا، ئۇنىڭغا يۈزىڭ ئەكسى چۈشەتتىغۇ!
4. تاغ مېنىڭ دەردلىرىمنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتسە، ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، ئېگىلىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى «ئىشق» دېگەن سۆزدىكى «قاف» («ق») ھەرىپىدىن كۆرۈۋالغىن.
5. ئىشق ئوتىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئاشىق بولدۇم، ئوتقا كىردىم، دەپ يالغان ئېيتىشىدۇ، ئۇلارنى ئەيۇ قىلىش كېرەك.
6. ئاشىق بولغان كىشىگە دوزاق ئوتىدىن نېمە قورقۇش؟ ئىشق ئوتى دوزاق ئوتىنى نابۇت قىلىدۇ، بۇنىڭ يالغىنى يوق.
7. ئەي زۇھۇرى، جاندىن كەچمەي تۇرۇپ ئىشقىڭ توغرىسىدا ماختانما، ماختانساڭ، ھەممە لاپلىرىڭ يالغانچى شەيخلەر-نىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

## 62

1. ئەيسۇس، ئۆمرۈم نامۇسۇلمانلىقتا، گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتتى، غەپلەت بىلەن نادانلىقتا ۋاقتىمنى زايە قىلىۋەتتىم.
2. ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى نەپسانىيە تىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بىلەن ئۆتتى، قالغىنى غەم-قايغۇ ۋە پۇشايمانلارغا سەرپ بولدى.
3. نەپسىمنىڭ شاماللىرىنى توسماي، ھەممە دۈشمەن نەرسىلەرنى ئاسانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن.
4. بۇ جاھاننىڭ لەززەتلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزمەي، بۇنىڭدەك ھەيرانلىق بىلەن ئۆتۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، مەندىن نېمە ئۈچۈر قالسۇن!

5. ئەپسۇس، يۈزۈمنى، كۆزۈمنى، كۆڭلۈمنى ھەممە تەرەپكە يۈگۈرتۈپتىمەن، ئەزىز ئۆمرۈم بۇ پەرىشانلىقتا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
6. ھۆلىنمۇ، قۇرۇقىنمۇ سىراپ قىلىپ، نەپسىمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتىم، ئەمدى مەھرۇملۇقتا قالغىنىمغا ۋاي ھەسرەت، ۋاي دات دەپ ئەپسۇسلىنىمەن.
7. زۇھۇرى، نەۋائىغا مۇراجەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلا، ئەپسۇس، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى بوھتانغا قېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپسەن.

## 63

1. سەن مەيداندا چەۋگان ئوينىشىنى، قىش كۈنى خىنە تاپالمىغاچقا، تىرناقلىرىڭنى (قان بىلەن) رەڭدار قىلىشنى نىيەت قىلغاندەك تۇرىسەن.
2. چېچىڭنى بۇدرە قىلىپ، چىرايىڭنى يوشۇردۇڭ، بۇ ئويۇنىڭنى چىن ئېلىدىكىلەرگە ئوخشاتقىنىڭمۇ؟
3. قانلىق ياشلىرىمدىن كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئېقىپ تۈگىدى، نىيىتىڭ ماڭا كۆرسەتمەي ئويناش بولسا، ئەمدى خالىغانچە ئوينىۋال.
4. ئوينا-ئوينا، ئاخىرى دىنىمنى تالان-تاراج قىلدىڭ، ئەي نامۇسۇلمان، بۇ ساڭا ئويۇن بولدىمۇ؟
5. كۆكسۈم غەم-قايغۇ ۋە جاپا-مۇشەققەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ قېلىپ قان بولدى، سېنىڭ يەنە ئوق ئوينىغىڭ بولسا، قانچىلىك لازىم دېسەڭ، كۆكسۈمنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋال.
6. ئويناپ يۈرۈپ، زۇھۇرىغا قانچە قېتىملاپ ۋەسلىڭدىن ۋەدە قىلدىڭ، ئەي ۋەدىسى يالغان، ئويۇن دېگەن شۇنچىمۇ يالغان بولامدۇ؟

## 64

1. جۇدالىق مېنى ھىجران بالاسىغا گىرىپتار قىلىپ قويدى،
كۆيدۈرۈپ، تىرىكچىلىكىمنىمۇ قارا قىلىپ قويدى.
2. ۋىسالغا ئېرىشىپ، بىر خۇشال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ھەۋەس
قىلسام، جۇدالىق مېنى ھىجرانىنىڭ جاپا ۋە دەردلىرىگە
مۇپتىلا قىلدى.
3. جان بىلەن كۆڭلۈم يىغلىشىپ بىر-بىرىگە ھال ئېيتىشىۋاتىدۇ،
جۇدالىق مېنىڭ ئاجىز جىسمىمنى ماتەملىك قىلىپ قويدى.
4. ھىجران مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ، جىسمىمغا يۇزلەپ قېتىم
داغ ئۈستىگە داغ قويدى، جۇدالىق بۇ ئېغىر ھالەتنى
ماڭا راۋا كۆردى.
5. ئۇنىڭ ۋىسالىنى ئىستەپ بىر قەدەم قويماقنى خىيال قىلسام،
جۇدالىق ماڭا ئاخىرى يوق بىر جاپانى قىلىشقا باشلىدى.
6. ئۇ باشقىلارنى ۋەسىل شارابىدىن بەھرىمەن قىلىپ،
مېنى جۇدالىقتا ھىجران نەشتىرى بىلەن قىيناپ، داد
دېگۈزدى.
7. يارسىز، زۇھۇرىنىڭ جېنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۆلۈۋاتىدۇ،
جۇدالىق ماڭا بىرلا ئۆلۈم بىلەن داۋا قىلغان بولسا ياخشى
بولاتتى!

## 65

1. مېنى ئىشقىڭدا زار ۋە مۇپتالا قىلماق ساڭا مەقسەت بولدى،
ماڭىمۇ جان ۋە جاھانىمنى ساڭا پىدا قىلماق ئارزۇ بولدى.
2. كېچە-كۈندۈز، بىر كۆرۈپ خىيالىڭ بىلەن ئۆلمەكنى
تىلەيمەن، ماڭا كەچ ۋە سەھەرلەردە سەندىن باشقىنىڭ

گېپىنى قىلماقنىڭ نېمە لازىمى بار؟

3. جاھاننى كېزىپ چىقتىم، دىل ئالغۇچىنى تاپالمىدىم، يار تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلماق كۆڭلۈمنىڭ نالىسى بولۇپ قالدى.

4. مەن قارا يۈزنىڭ ئەرزىنى بايان ئەتمەك بەكمۇ مۇشكۈل بولۇۋاتىدۇ، يۈز ھاجىتىم بولسا راۋا قىلماق ساڭا ئاسانغا چۈشىدۇ.

5. ئەپۇيىڭنىڭ دەرياسى يۈزمىڭلاپ گۇناھلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، ئۇنى بىلگەچكە، دائىم يۈز قارىلىق قىلماق ماڭا راھەت تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

6. ئەگەر سېنىڭ خىيالىڭدا يوشۇرۇن ساقلىنىشقا مۇيەسسەر بولسام، ماڭا ئاھ ئۇرۇپ، ئاشىقلار تەرزىدە ناۋا قىلىش كەتمەيدۇ.

7. ئىلاھا، مەن زۇھۇرنى تائەت-ئىبادەتتىن يىراق قىل، تائەتتە بولغان كىشىدىن ئىككى يۈزلىمىلىك نېرى بولمايدۇ.

## 66

1. ئەگەر قېرى ياشلارنىڭ بەزمىسىدە ئولتۇرۇۋالسا، ئۇ بەزمىدىن يىگىتلەر خۇشاللىق تاپالمايدۇ.

2. كىچىك بالىنىڭ ئۇيىدا ساقال بىلەن چاچ ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەگەر كىچىك بالا ئۇنىڭ ساقىلىغا ئېسىلسا، تولىمۇ رەسۋالىق يۈز بېرىدۇ.

3. يىگىتلىك چېغى ــ خىزمەت ۋە ئىبادەت ۋاقتى، قېرىغاندا يانغاق، تايغاق، پەرۋاسىز بولۇپ قالىدۇ.

4. ياشلىقىدا نېمە ئىش قىلسا يارىشىدۇ، قېرىغان چاغدا قەدەھ بىلەن ھەپىلىشىش لايىق كەلمەيدۇ.

5. كىمكى خۇدانى يادىدا تۇتماي، قېرىغاندا مەيخور بولۇۋالسا، بۇ خىل مۇسۇلمانلىقتىن خىرىستىيان بولغان ياخشى.

6. ئاۋۋالقى ئۆمرۈم نادانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى

تەگرى يادى بىلەن ئۆتكۈزسەم تولىمۇ دانالىق بولىدۇ.
7. زۇھۇرى، چىنىشلىرىڭ سارغىيىپ چۈشتى، ئەمدى ھەۋەسنى تاشلىساڭ، ياشلىقنى قوغلاشمىساڭ، ساڭا خوپ كېلىدۇ.

## 67

1. باغ ئىچىدە سېنىڭ قەددىڭدەك راۋان ئۆسكەن سەرۋى يوق، گۈلشەندە سېنىڭ يۈزۈڭدەك ھالرەڭلىك گۈل يوق.
2. سېنىڭ لەۋلىرىڭدەك شاراب تۆككۈچى لەۋ يوق، سېنىڭ كۆزلىرىڭدەك جاھانغا غەۋغا سالغۇچى كۆزلەرمۇ يوق.
3. جاھاندا سېنىڭ قاشلىرىڭدەك ئۇستا مەرگەن يوق، ئېتىش ئۈچۈن مېنىڭدەك بىر بىچارىمۇ يوق.
4. ئاغزىڭنى بار يا يوق دەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟ ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىنى بىلىدىغان بىرمۇ دانا يوق.
5. كىشى باغ ئىچىگە كىرەي دېسە نە ئىمكان؟ ئاڭا يول كۆرسىتىدىغان باغۋەن يوق.
6. مېنىڭ سايراشلىرىم بىر گۈل يۈزلۈك ئۈچۈن، گۈلىستان بولمىسا بۇلبۇل نالە قىلامدۇ؟
7. ھەممە ياخشى خۇيلىرىڭ توغرۇلۇق گەپ-سۆز قىلىدىغانغا، جاھان ئىچىدە مېنىڭدەك باشقا بىر يامان يوق.
8. خەلق ئىچىدە تولىمۇ بەدنام بولدۇم، مېنىڭدەك رەسۋايى زامان بولغان يەنە باشقا بىرسى يوق.
9. ئىلاھا، كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ دىل ئالغۇچى بىر يارىم يوق.

1. يېنىمدا مېنىڭ لەيلىگە ئوخشاش گۈل تۈسلۈك بىر يارىم يوق، شۇڭا، ئۇنىڭ ھىجرانىدا مەجنۇندەك ئاھ، مېنىڭ يارىم يوق، دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن.
2. ھىجران كۆزىدە يوپۇرماقتەك سارغايدىم، نەۋباھارىم بولمىسا، قانداقمۇ غۇنچىدەك كۈلۈپ ئېچىلالايمەن؟
3. ئۇ گۈلنىڭ شېخىدا بۇلبۇلدەك پەرياد چېكىپ يۈرىمەن، مېنىڭ لالىزارىم بولمىسا، نېمە دېگەن بىچارىلىق بۇ!
4. قانچىلاپ جەۋر چەكتىم، يارىمدا بىر ئىنساپ كۆرمىدىم، قانداق قىلاي، ئۇنىڭسىز بىردەممۇ سەۋرى-تاقىتىم قالمىدى.
5. باشقىلارنىڭ يۈزمىڭلاپ يارى بولسىمۇ، ھېچقايسىسى يارىمغا يەتمەيدۇ، ئاھ، پۈتۈن ئۆمرۈم بويى يارسىز ئۆتتۈم.
6. كىمكى يارنىڭ ۋەسلىدىن ماڭا بىر خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ بېشىدىن چاچقۇ قىلىپ چاچىدىغانغا كۆز يېشىمدىن باشقا نەرسەم يوق.
7. قۇلۇمغا سۇنۇق ساپالنى ئېلىپ مەيخانىغا كىرسەم، ئۇ ماڭا جەمشىتنىڭ جامىدىن㉛ ئارتۇق، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدىغان يېرىم يوق.
8. ئەي گۈليۈزلۈك ساقى، ھالىمنى كۆرۈپ ماڭا رەھىم قىلساڭ! مېنى يېشىلمەس مەست قىلىپ قوي، سەندىن باشقا غەمنى يەڭگىللەتكۈچىم يوق.
9. ئەي ئاللا، مېنى بۇ يولدا مەزھەرىگە ئوخشاش ئىرادىلىك قىلساڭ، بۇ يولدا زۇھۇرىدەك جان بېرىمەنكى، ھەرگىز يېنىشىم يوق.

## 69

1. غۇنچىغا ئوخشاش ئېچىلىش ئۈچۈن نورۇز ۋاقتى كېرەك بولىدۇ، ئۇنى تۇزۇتۇش ئۈچۈن كۆز شامىلىنى چىقىرىشقا مەندەك يۈزى قارا لازىم.
2. سەنسىز قېلىپ، كۆڭلۈم يۈز پارە بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى، ئۇنى پۈتۈن قىلىش ئۈچۈن، كۆڭۈلگە ئازار بەرگۈچى ئاشۇ يارنىڭ ئوقى لازىم.
3. مېنىڭ دەردىم كۆپ، ئۇلار قالدۇرغان كۆيۈك داغلىرىغىمۇ ئىلاجىم يوق، مېنىڭ باغرىمغا ئوت يېقىش ئۈچۈن، يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى ئاھ ئوتى لازىم.
4. خۇشاللىق ئۆيگە (مەيخانىغا) كىرىپ مەي ئىچمەكنى خالايمەن، ماڭا سازەندە بىلەن سورۇننى نۇرلاندۇرغۇچى يار كېرەك.
5. بۇ دۇنيادا بۇندىن بۆلەك خۇشاللىقمۇ يوق، ئۇنى سۆزلەش ئۈچۈن، دەرد بىلەن ئوتلۇق ئاھ چەكمەك كېرەك.
6. دەرد ئەھلى ئىشق دەرسىنى كامىل ئۇستازلاردىن ئالىدۇ، ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ بىر بىلەرمەن دانا لازىم بولىدۇ.
7. ياخشى كۆردۈڭ، يامان يول ئىزلىسەڭ كەل زۇھۇرى، ھەر تەرەپكە بارغىلى مېنىڭدەكتىن يۈزلەپ لازىم بولىدۇ.

## 70

1. قىيا بېقىپ جان ئالىدىغان ئۇ قارا كۆزلۈكنى كۆرۈڭ، ئەبەدىي ھاياتقا ئېلىپ بارىدىغان، جان بېغىشلىغۇچى لەۋلىرىنى كۆرۈڭ.
2. يۈزى ۋە چاچلىرىدىن نىشانە ئىزلەپ تەلمۈرسەم، ئۇ: «ۋەززۇھا» ئايىتىنىڭ تەفسىرىگە قاراڭ، شۇ گۇۋاھ بولىدۇ، دېدى.

3. بۇ ئىككى ئالەمنىڭ ئىشلىرىدىن ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ،
ۋىسال ئىچىدە كۆز ئېچىپ، پەيغەمبەرنىڭ نۇرىغا قاراڭ.
4. جۇدالىق تۈنلىرى چەككەن ئاھلىرىم كۆكسۈمنى يېرىپ چىقتى،
ئاڭا ئىشەنمىسىڭىز، سەھەر پەيتىدە چىققان شامالغا قاراڭ.
5. ئۇنىڭ قۇياشىغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ قولىدىكى تىغى
بىلەن قاشلىرىدىكى كامانىغا قاراڭ.
6. ئۇنىڭ ناز ئوقلىرى تېگىپ، تېنىمنىڭ ھەممە يېرى يارا
بولۇپ كەتتى، بۇ يارىلارنى ھېسابلاپ كۆرىمەن دېسىڭىز،
كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراڭ.
7. مەن تەلۋىگە پەرىگە ئوخشاش قانداق جىلۋىلەرنى
قىلغانلىقىنى بىلەي دېسىڭىز، لەۋلىرى ھېلىگەر، كۆزلىرى
سېھىرلىك ئۇ ئاي سۈرەتلىككە قاراڭ.
8. جېنىمنى بېرىپ جان ئالاي دەپ لىۋىگە قارىدىم، ئۇنى
تالىشىپ ئىككى ياندا ياتقان ئەجدىھانى كۆرۈڭ.
9. قانداق نازلىق قىلىقلار بىلەن زۇھۇرنىڭ كۆڭلىنى ئالغانلىقىنى
بىلەي دېسىڭىز، نازلىق يورغىسىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئۇ
بالا كەلتۈرگۈچىگە قاراڭ.

## 71

1. كىمكى ۋىسال ئىستىسە، يوقلۇق كوچىسىدا ماكانلاشمىقى
لازىم، گۈل ئۈمىدى بولسا، تىكىنىگە مۇپتىلا بولۇش كېرەك.
2. ئەگەر ۋۇجۇدۇڭدا بىرەر تال مويۇڭ قېپقالسىمۇ ياخشى
ئەمەس، دىنىمۇ، دۇنيانىمۇ تامامەن تاشلىشىڭ كېرەك.
3. گاھىدا يار بىلەن، گاھىدا يارسىز يۈرمەك بۇ ئەسلى
مەقسەت ئەمەس، ۋۇجۇدىن ۋە ئۆلۈمدىن خالى ھالدا
دائىملىق ۋەسلىگە ئېرىشمەك لازىم.
4. ئوۋچىلار قىلتىقىنى قۇشنىڭ كۆزىدىن يوشۇرىدۇ، كۆزدىن

ياش دانلىرنى چىچىپ، تۇزاقنى يوقلۇقتا قۇرماق لازىم.
5. بۇ قىلتاق ۋە دانلارنىڭ گېپىنى قوي، ئاللا ئەڭ ياخشى تەدبىر كۆرگۈچى، ھەممىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ، راھەتتىن كېچىش كېرەك.
6. ئەي زۇھۇرى، يارنىڭ ۋەسلى تەقدىر بىلەن بىللە ئىمىش، تىرىشىش-ئۇرۇنۇشلارنى تاشلاپ، تەۋەككۇلچىلىكنى ئىمام قىلىش كېرەك.

## 72

1. گۈزەل مەشۇقەمنى پەلەك پەردە بولۇپ توسۇۋالدى، ئۇنىڭغا ئېرىشمەسەم بولمايدۇ، بۇ پەلەكنىڭ گۈمبىزىنى تېشىپ مەقسىدىمگە يېتىشىم كېرەك.
2. بۇ پەلەكنىڭ ئۈستىدە يەنە تۆرلۈك-تۈمەن پەلەكلەر بار، ھەربىر پەلەككە يەتكەندە، توختىماي ئۆتمەي بولمايدۇ.
3. بۇ پەلەك مىئراجغا ئۆزلۈكتىن خالى بولۇپ چىقىپ، چارىسىز قالغان ئەگەشكۈچىلەرگە يول كۆرسەتمەك كېرەك.
4. بەزىلەر بۇ يولدا تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش كېرەك، دېسە، بەزىلەر بۇ يولدا تەۋەككۇلچىلىكنى ئىمام (يېتەكچى) قىلىش كېرەك، دېيىشىدۇ.
5. ئىشق پىرىنىڭ كۆڭۈل باللىرىغا بېرىدىغان تەلىمى شۇكى، دەسلەپكى مەكتەپتە خامۇشلۇقنى ئۆگىنىش كېرەك.
6. ئەي زۇھۇرى، سەن تېخى بالا، ئىشقنى ئېلىپبەسىدىن باشلاپ ئۆگىنىشنى ئىختىيار قىلغىن، ھەرقانداق مەھرۇملۇق بولسىمۇ، ئېلىپبە يولىدىن مېڭىش كېرەك.

## 73

1. يارىم كەتتى، مەن ئۇنىڭ ھىجرانىدا قىلىپ قان يۇتتۇم، ئۇ دىلىمگە ئازار بەرگۈچى ماڭا ھېچ قارىماي، ئىنتىزار قىلدى.
